www.Mahinur.Com

## TÜRKÇE – UYGURCA

# En Güzel Haywan Hikayeleri

**(1)**

YAZAR: İRFAN TATLI

Uygurca'ya Çeviren: Mahinur UYGUR

Editör: Muhammed A. Abdulkadir
Büvinur Bekri

İSTANBUL - 2011
*PAPATYA YAYINLARI*

## ئۇيغۇرچە - تۈركچە

# ئەڭ گۈزەل مەسەللەر (هايۋان هېكايىلىرى)

**(1)**

ئاپتورى: ئىرپان تاتلىق

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ماھنۇر ئۇيغۇر

تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئابدۇقادىر
بۈۋىنۇر بەكرى

ئىستانبۇل - 2011
*ماي چېچەك نەشرىياتى*

Elinizdeki bu kitapta, Mevlana'dan, Ezop'tan, Lafonten'den, Beydaba'dan derlediğimiz bazı hayvan hikayelerine yer verilmiştir. Her bir hikayenin özü ve amacı, veciz bir sözle veya bir atasözüyle belirtilmeye çalışılmıştır. Bu hikayeler, insanlığın 2500 yıllık bir ortak kültür hayatının en güzel ürünleri olarak düşünülmektedir.

Bu kitabın Türkçe-Uygurca versiyonu Türkçe öğrenmek isteyen Uygur dostlar ve Uygurca öğrenmek isteyen Türk dostlar için hazırlanmıştır. Kısa bir süre içinde Uygurcayı ana diliniz gibi konuşabileceğiz dileğindeyim. Başarılar size yar olsun!

- Mahinur UYGUR

www.Mahinur.Com/Tr
Email: uygur@mahinur.com

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپتا، مەۋلانە، ئىزوپ، لافونتېن ۋە بەيدابا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانغان بەزى مەسەللەر (هايۋان هېكايىلىرى) گە يەر بېرىلگەن. هەر بىر هېكايىنىڭ ئۆزى ۋە مەقسىدى، ئىخچام بىر سۆز بىلەن ۋە ياكى بىر ئاتا سۆزى بىلەن ئايدىڭلىتىشقا تىرىشىلدى. بۇ هېكايىلەر، ئىنسانىيەتنىڭ 2500 يىللىق بىر ئورتاق مەدەنىيەت هاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى دەپ قارالماقتا.

بۇ كىتاپنىڭ ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە نەشرى تۈركچە ئۆگەنمەكچى بولغان ئۇيغۇر دوستلار ۋە ئۇيغۇرچە ئۆگەنمەكچى بولغان تۈرك دوستلار ئۈچۈن تەييارلاندى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈركچىنى ئانا تىلىڭىزدەك سۆزلىشەلەيدىغانلىقىڭىزغا تىلەكداشمەن.
غەلىبە سىزگە يار بولسۇن!

- ماهىنۇر ئۇيغۇر

www.Mahinur.Com/Uygur
Email: uygur@mahinur.com



ماھنۇر ئۇيغۇر

# كىتابنىڭ تەرجىمە ئاپتورى ھەققىدە

ماھنۇرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، قىزىمىزنىڭ يېشىدىن چوڭ بۇ ئەمگەك مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن... 

ئېلىپبەنى تۈزۈپ چىققۇچىلارغا ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمەن.) بىر كۈنى ئۇ چوڭ ماگىزىندا تامغا چاپلانغان قەغەزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپلىۋالدى. ئۇ چۈچۈك تىللىرى بىلەن بىر نەرسە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. سىڭلىم بىرئاز دىققەت قىلغاندىن كېيىن «ھە، ئۇ ئالاھىدە باھا، دېگەن خەتنى كۆرسىتىپ، ئايغا مىنىپ كىم كەلدى، ئايدىكى ئا، دەۋاتىدۇ» دېدى. بۇ ھەرپلەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭدىكى تۇنجى ئىنكاس ئىدى. ئىككى يېشىغا كەلگەندە تىلى راۋان چىقىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇ تاق ھەرپلەرنى ئاساسەن تونۇپ بولدى، ئەمما يەنىلا «ك، ر» دېگەندەك بەزى ھەرپلەرنى كەلىمە ئىچىدە توغرا تەلەپپۇز قىلالمايتتى.

ئۈچ يېشىغا كەلگەندە ئۇيغۇرچە 32 ھەرپنىڭ پۈتۈن شەكىللىرىنى تونۇپ، قوشۇپ ئوقۇشقا باشلىدى. بىز بۇ چاغدا كىچىك رەسىملىك كىتابچىلارنى بېرىپ، ئۇنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشقا تىرىشتۇق. تۆت يېشىدىن باشلاپ، ئۇ رەسمىي كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى ۋە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئالتە قىسىم، «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتتى. بەلكىم، بۇ سىزگە ئاشۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ھەقىقەت. ئەمما نىملا بولمىسۇن، ئۇ يەنىلا بالا ئىدى. ئۇ چوڭ ھەجىملىك رومانلار ئەلۋەتتە ئاتا-ئانىنىڭ يېتەكلىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، شۇنداقلا قىزىقتۇرۇشى بىلەن بولمىسا، تۆت ياشلىق بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يەنە ئويۇن ئوينىشى كېرەك. بىز بۇنىڭ چارىسىنى قىلدۇق. ئۇ كىتاب ئوقۇغاندا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدۇق، ئۇ بىزگە ئوقۇپ بەردى، ئارقىدىن ئوقۇغان سەھىپىلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى سۆزلەتكۈزدۇق. باشتا بۇ ئۇنىڭغا قىيىن كەلدى. چۈنكى رومان ئۇنىڭ يېشىغا نىسبەتەن بىرئاز زور كەلدى. ئەمما توختىماي قىزىقتۇرۇش، بالىلىق تەرسالىقى تۇتقاندا چۈشەندۈرۈش بىلەن، بارا-بارا بۇ ئىش ئۇنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىگە ئايلاندى. ئوقۇۋاتقان رومانىنىڭ ۋەقەلىكىدىن زوق ئالىدىغان بولدى. ھەتتا «ئىز» رومانىدىكى رەھمەتلىك ھاجى بالىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمىنى ئوقۇغاندا، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغلاپ كەتتى. رومان ۋەقەلىكى بىلەن بىللە، ئۇنىڭ مىجەز-خاراكتېرىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى ۋە چوڭ سۈپەت، سالماق، تەمكىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلى ئېچىلىپ-يېيىلىپ تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوينايدىغان مەزگىلى ئىدى. ئەمما بىز بۇ چاغدا، چەتئەلدە بولغاچقا، ئۆز ئانا تىلىغا پىششىق بولمىغۇچە، باشقا تىللار بىلەن بەك كەڭرى ئۇچراشتۇرماسلىق ئۈچۈن، خۇلۇم-خوشنىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بەك ئارىلاشتۇرۇپ كەتمىدۇق. ئۆيدە كۈندە بىر-ئىككى سائەت كىتاب ئوقۇغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا بىللە ھەرخىل ئويۇنلارنى تېپىپ ئوينىدۇق، رەسىم سىزدۇق، قول كۆندۈرۈش مەشىقى قىلدۇق، قەغەزدىن ھەرخىل ئويۇنچۇقلارنى ياساشنى ئۆگەندۇق، دەم ئېلىش كۈنلىرى بىللە سەيلە-ساياھەتلەرگە چىقتۇق...ۋەھاكازىلار. ئىشقىلىپ ھەربىر ئوينىغان ئويۇن بالىنىڭ زېھنىي تەرەققىياتىغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاشتۇق. نىھايەت ئۇ بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە، ساۋادىنى چىقىرىش بىلەن تەڭ، كىتاپلاردىن بەدىئىي زوق ئېلىشنىمۇ ئۆگەندى. مەسىلەن، بىركۈنى «پادىچى بالا» نىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ چىقىپ بىزگە «مەن بۇنىڭدىن يالغان گەپ قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم، مەنمۇ بەزىدە يالغان گەپ قىلغان، ئەمدى ھەرگىز قىلمايمەن» دېدى. ھەقىقەتەن شۇنداق، ئۇ ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ. كىچىك بالىنى ئالدىڭىزغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ پەندى-نەسىھەت قىلسىڭىز، ئۇنۇمى تازا ياخشى بولمايدىكەن، ھەم قايىل قىلىش كۈچىمۇ يۇقىرى بولمايدىكەن. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا پەند-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغۇزدۇق. يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇقنىڭ «قۇتادغۇبىلىكتىن جەۋھەرلەر» ۋە سەئىد شىرازىنىڭ «گۈلىستان» قاتارلىق... بۇ كىتابلارمۇ ئۇنىڭ يېشىغا نىسبەتەن بىرئاز زور، شۇڭا يەنىلا تاللاپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. ئۇنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن «گۈلىستان» نىڭ ئىچىدىكى بەزى رۇبائىيلارنى چوڭ خەتلىك، رەڭلىك باستۇرۇپ، تامغا چاپلىدۇق ۋە بىللە

يادلاشنى مەشق قىلدۇق. بۇ چاغدا ئۇ ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆزى سوراپ ئۆگەندى ۋە ئالغان تەسراتىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. بەش ياشقا كىرگىچە، ئاساسەن كىتاپ ئوقۇدى.

بەش يېشىدىن باشلاپ تۈركچە ئۆگىنىشكە يول قويدۇق. تۈركچە ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ قولاي بولدى. ھەرپلەرنى بىر سائەت ئىچىدە ئۆگەندى ۋە قوشۇپ ئوقۇشنى مەشق قىلىشقا باشلىدى. (ئۇيغۇر يېزىقىدەك باشتا، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا كېلىدىغان ھەرپ شەكىللىرى بولمىغاچقا، ھەم نىمە يازسىڭىز شۇ ئوقۇلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى يېقىن بىر تىل بولغاچقا، ئۆگىنىشمۇ ئىنتايىن قولاي ئىدى). تۈركچە رەسىملىك باللار كىتابلىرى ئالدۇق. ئۆزى قوشۇپ ئوقۇپ، بارا ـ بارا ئۆگىنىپ كەتتى.

ئەمدىكى مەسلە ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە سۆز ـ جۈملىلەرنى يېزىشتا ئىدى. قولىيازمىغا بەك كۆچەپ كەتمىدۇق. چۈنكى بۇ ياشتىكى باللارنىڭ قەلەم تۇتۇش ئۇسۇلى بەك توغرا بولمىغاچقا ئاسانلا چارچاپ قالاتتى، ئەمما يەنىلا بەزىدە چۈشەندۈرۈپ، بەزىدە ئىلھام بېرىپ ماختاپ دىگەندەك، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى مەشق قىلغۇزدۇق. بىر نەچچە بەت يازغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېغىز تىلى بىلەن يېزىق تىلىدا بىرئاز پەرق بارلىقىنى ھىس قىلدى. تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كومپيۇتېردا خەت كىرگۈزۈشنى مەشق قىلدۇردۇق. ئۇ دەسلەپتە بۇ «ئويۇنغا» قىزىقتى. بارا ـ بارا زېرىكىشكە باشلىدى. بىز بۇ چاغدا تۈركچە «ئەڭ گۈزەل ھايۋان ھېكايىلىرى» دېگەن كىتاپنى تاللاپ، ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلغۇزدۇق. (چۈنكى بۇ كىتاپنىڭ ھېكايىلىرى ئىخچام، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق، ئەڭ مۇھىمى تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور ئىدى.) دەسلەپتە كۆنۈگە بىر ـ ئىككى قۇر ئاران كىرگۈزەلىدى. (ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىش ئەمەس، خەت كىرگۈزۈش تەس كەلدى.) بارا ـ بارا قول كۆنگەنچە كۈنىگە بىرەر ھېكايىدىن تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. شۇ سۈرئەت بىلەن ماڭغان بولسا بەلكىم بەش يېشىدىلا بۇ كىتاپ پۈتكەن بولاتتى، ئەمما باشتا دېگىنىمىزدەك، ئۇ يەنىلا بالا، ئۇ بىزار بولغان، قىلىشنى خالىمىغان چاغلاردا يەنىلا رايىغا قويۇپ بەردۇق. چۈنكى ئۇ تېخى بەش ياشتا. كېيىن ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر تور بەت لايىھىلىدۇق. تۇنجى تەرجىمە ئەسىرىنى قويدۇق ۋە يېزىلغان ئىنكاسلارنى كۆرسەتتۇق. ئۇ ئۈنسىز ھاياجان بىلەن ئوقۇدى. ئەمدى ئۇ تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىنى بۈيۈك بىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن يېزىپ پۈتتۈردى. يېرى كەلگەچكە، ئېيتىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم، ئۇ ئاخىرقى ھېكايىنىڭ تەرجىمىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئەمدى بىر ئارام ئالاي، دېدى. ئەمما شۇ بىر ئارام ئالغانچە، بىر ـ ئىككى ھەپتىدە ئاران قوپتى. (بۇ ئىش شۇنداق توغرا كەلدى، ئۇ ئاغرىپ قالغانىدى ۋە ناھايىتى ھالسىز ئىدى.) ھازىر ئۇ باشقا بىر كىتاپ تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئىنتايىن خۇشال، چۈنكى بۇ قېتىم پۈتۈنلەي ئۆز ئارزۇسى بويىچە باشلىدى.

بىز، ئۇيغۇر تىلى ئەسلا ئىشلىتىلمەيدىغان، شۇنداقلا، تۈرك تىلىدىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ يېقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئانا تىلىمىزنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يوق قىلىۋېتىش كۈچىگە ئىگە بولغان بىر تىل شارائىتىدا ياشاۋاتقان بولساقمۇ، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئەۋلاتلىرىمىزنى ئۇيغۇر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشتۇق، ۋە مەقسىتىمىزگە يەتتۇق.

«ئانا تىل» ـ ئانىمىزدىن ئۆگىنىدىغان ۋە ئانىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن باللارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان بىر تىل بولغاچقا، ئۇ «ئانا تىل» تىل دەپ ئاتىلىپ، ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە. ھېچكىممۇ ئۆيىمىزگىچە كىرىپ بالىمىزغا قايسى بىر تىلنى ئۆگىتىش ھەققىدە ئەمىر بېرىپ باققىنى يوق ۋە بېرەلمەيدۇ. ئانا تىلىمىزنىڭ تەقدىرى يەنىلا بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، ئۇيغۇر تۇغۇلۇپ، ئۇيغۇر ياشاشقا بەل باغلىغان قەدىردان ئانىلارنىڭ قولىدا.

# TÜRK VE UYGUR DİLİ ALFABESİ

| № | Büyük | Küçük | Örnek | ئۆرنەك | ئاياق | ئوتتۇرا | باش | يالغۇز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 17 | Z | z | zaman | زامان | ـز | | | ز |
| 18 | J | j | jandarma | ژاندارما | ـژ | | | ژ |
| 19 | S | s | saman | سامان | ـس | ـسـ | سـ | س |
| 20 | Ş | ş | şart | شەرت | ـش | ـشـ | شـ | ش |
| 21 | Ğ | ğ | bağ | باغ | ـغ | ـغـ | غـ | غ |
| 22 | F | f | Faruk | فەرۇق | ـف | ـفـ | فـ | ف |
| 23 | K | k | kan | قان | ـق | ـقـ | قـ | ق |
| 24 | K | k | kir | كىر | ـك | ـكـ | كـ | ك |
| 25 | G | g | gül | گۈل | ـگ | ـگـ | گـ | گ |
| 26 | N | n | senin | سىنىڭ | ـڭ | ـڭـ | ڭـ | ڭ |
| 27 | N | n | nazik | نازۇك | ـن | ـنـ | نـ | ن |
| 28 | M | m | murat | مۇرات | ـم | ـمـ | مـ | م |
| 29 | L | l | limon | لىمون | ـل | ـلـ | لـ | ل |
| 30 | H | h | haram | ھارام | | ـھـ | ھ | ھ |
| 31 | V | v | vali | ۋالى | ـۋ | | | ۋ |
| 32 | Y | y | yaylak | يايلاق | ـي | ـيـ | يـ | ي |

# ئۇيغۇر ۋە تۈرك تىلى ئېلىپبەسى

| Büyük | Küçük | Örnek | ئۆرنەك | ئاياق | ئوتتۇرا | باش | يالغۇز | № |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| A | a | ana | ئانا | ـا / ـئا | | | ئا / ا | 1 |
| E | e | erkek | ئەركەك | ـە / ـئە | | | ئە | 2 |
| I | ı | ırk | ئېرق | ـې / ـئې | ـېـ / ـئېـ | ېـ / ئېـ | ئې / ې | 3 |
| İ | i | it | ئىت | ـى / ـئى | ـىـ / ـئىـ | ىـ / ئىـ | ئى / ى | 4 |
| O | o | osman | ئوسمان | ـو / ـئو | | | ئو / و | 5 |
| U | u | uzun | ئۇزۇن | ـۇ / ـئۇ | | | ئۇ / ۇ | 6 |
| Ö | ö | ölüm | ئۆلۈم | ـۆ / ـئۆ | | | ئۆ / ۆ | 7 |
| Ü | Ü | üzüm | ئۈزۈم | ـۈ / ـئۈ | | | ئۈ / ۈ | 8 |
| B | b | bahar | باھار | ـب | ـبـ | بـ | ب | 9 |
| P | p | parlak | پارلاق | ـپ | ـپـ | پـ | پ | 10 |
| T | t | tertip | تەرتىپ | ـت | ـتـ | تـ | ت | 11 |
| C | c | can | جان | ـج | ـجـ | جـ | ج | 12 |
| Ç | ç | çay | چاي | ـچ | ـچـ | چـ | چ | 13 |
| H | h | harita | خەرىتە | ـخ | ـخـ | خـ | خ | 14 |
| D | d | dünya | دۇنيا | ـد | | | د | 15 |
| R | r | roman | رومان | ـر | | | ر | 16 |



## ASLAN VE ÖKÜZLER

Aç aslan, bir çayırda otlayan 3 öküze rastladı. Öküzlerden birine saldırmak istediyse de diğer öküzlerin yardıma koşması üzerine, başarılı olamadı.

Ne yaparsa yapsın, öküzlerin birlik içinde savunması ile karşılaşıyordu.

Sonunda bir plan yaptı. Öküzleri birbirine düşürücü iftiralar yaydı. Aralarına fitne soktu. O zamana kadar birbirinden ayrılmayan ve birbirini savunan öküzlerin birlikleri bozuldu. Herbiri ayrı yerde otlamak üzere dağıldılar.

Aslanın istediği de buydu. Üçü bir arada iken bir şey yapamadığı öküzleri teker teker avladı, sofrasına kahvaltı etti.

**• Birlikten kuvvet doğar. Bölünenler zayıflar, düşmanlarına yem olurlar.**

## ئارسلان ۋە ئۆكۈزلەر

ئاچ ئارسلان، بىر ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقان ئۈچ ئۆكۈزگە ئۇچراپ قالدى. ئۆكۈزلەردىن بىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىستىسىمۇ باشقا ئۆكۈزلەرنىڭ ياردەمگە يۈگرەپ كېلىشى بىلەن، غەلىبە قازىنالمىدى.

نىمە قىلسا قىلسۇن، ئۆكۈزلەرنىڭ بىرلىك ئىچىدە قوغدىنىشىغا دۇچ كەلدى. ئاخىرى بىر پىلان تۈزدى. ئۆكۈزلەرنى بىر بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرىدىغان پىتنە-پاسات تارقاتتى، ئارىلىرىغا پىتنە سوقتى.

ئۇ زامانغا قەدەر بىر-بىرىلىرىدىن ئايرىلمىغان ۋە بىر-بىرىنى قوغدىغان ئۆكۈزلەرنىڭ بىرلىكلىرى بۇزۇلدى، ھەر بىرى ئايرىم يەردە ئوتلاش ئۈچۈن تارقىلىپ كەتتى.

ئارسلاننىڭ ئىستىگىنىمۇ بۇ ئىدى. ئۈچى بىر يەردىكى ۋاقتىتا ھىچنىمە قىلالمىغان ئۆكۈزلەرنى، بىردىن بىردىن ئوۋلىدى، داستىخىنىغا ناشتىلىق قىلدى.

**• بىرلىكتىن قۇۋۋەت تۇغۇلىدۇ. بۆلۈنگەنلەر ئاجىزلاپ، دۈشمەنگە يەم بولۇر. (بۆلۈنگەننى بۆرە يەر.)**

www.Mahinur.Com



## TEDBİR ZAMANINDA ALINMALI

Bir pencereye asılmış olan kafesteki kuş, sadece geceleri ötüyordu. Gündüzleri hiç ses çıkarmıyordu.

Bir yarasa, bu durumu merak etti. Kuşa, niye gündüzleri hiç ötmediğini sordu.

Kuş iç çekerek cevap verdi:

— Gündüzün öterken yakalandım. Ve bu kafese kondum. Bu bana ders oldu. O günden sonra artık gündüz ötmüyorum.

Yarasa gülerek, kuşa şöyle dedi:

— Evet, ama artık iş işten geçmiş. Yakalanmadan önce bunu düşünmen gerekirdi.

• **Sonunda pişman olmak istemiyorsan, bir işe başlamadan evvel iyice düşün. Ağa girdikten sonra aklı başına gelen balık gibi olma.**

## تەدبىر زاماندا ئېلىنىشى كېرەك

بىر دەرىزىگە ئېسىلغان قەپەزدىكى قۇش، پەقەت كېچىلىرى سايرايدىكەن، كۈندۈزلىرى ھېچ ئاۋاز چىقارمايدىكەن.

بىر شەپەرەڭ بۇ ئەھۋالغا ھەيران قاپتۇ. قۇشتىن نىمىشقا كۈندۈزلىرى ھېچ سايرىمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. قۇش ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

- كۈندۈزى سايراۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالدىم ۋە بۇ قەپەزگە سولاندىم. بۇ ماڭا دەرس بولدى. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن كۈندۈزى ھېچ سايرىمايدىغان بولدۇم.

شەپەرەڭ كۈلۈپ تۇرۇپ قۇشقا شۇنداق دەپتۇ:

- ھە، بولىدىغان ئىش بوپتۇ، تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن بۇنى ئويلىشىڭ كېرەك ئىدى.

**. ئاخىرىدا پۇشايمان قىلىشنى خالىمىساڭ، بىر ئىشنى باشلاشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلان. تورغا چۈشكەندىن كېيىن ئەقلى بېشىغا كەلگەن بېلىققا ئوخشاپ قالما.**

www.Mahinur.Com



## GÖLGESİNİN BÜYÜKLÜĞÜNE ALDANAN KURT

Güneşte kendi gölgesinin ne kadar büyük olduğunu gören bir kurt, kendi kendine:

— Böylesine büyük bir yaratık olan ben, aslandan niye korkayım. Artık kendimi hayvanların kralı ilan edebilirim, demişti.

Kurt bu düşünceler içinde iken, önüne bir aslan çıktı. Kendinin çok güçlü olduğuna inanan kurt, aslandan kaçmadı. Aslan da, yemek için avlanmak zahmetine girmeden onu parçaladı ve karnına indirdi.

Kurdun son sözleri şu olmuştu:

— Kendi ölümümü kendi akılsız kafamla kendim hazırladım.

**• İnsanlar çoğu zaman, kendi başlarına gelen felaketleri, kibir ve akılsızlıkları ile kendileri hazırlar.**

## سايىسىنىڭ چوڭلۇقىغا ئالدانغان بۆرە

قۇياش چىققاندا ئۆزىنىڭ سايىسىنىڭ نەقەدەر ھەيۋەتلىكلىكىنى كۆرگەن بىر بۆرە، ئۆز-ئۆزىگە:

- مۇنداق بىر ھەيۋەتلىك جانىۋار بولغان مەن ئارسلاندىن نىمىشقا قورقۇدەكمەن. ئەمدى ئۆزۈمنى ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىلسام بولغۇدەك - ، دەپتۇ.

بۆرە مانا مۇشۇنداق خىياللار ئىچىدە تۇرغاندا ئالدىغا بىر ئارسلان چىقىپ قاپتۇ. ئۆزىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بۆرە ئارسلاندىن قاچماپتۇ. ئارسلانمۇ ئوزۇق ئۆچۈن ئوۋلاش زەخمىتىدىن قۇتۇلۇپ ئۇنى پارچىلاپتۇ ۋە قارنىغا تىقىپتۇ. بۆرىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى شۇ بوپتۇ:

- ئۆز ئۆلۈمىمنى ئۆزۈمنىڭ ئەقىلسىز بېشىم بىلەن ئۆزۈم ھازىرلىدىم.

**. ئىنسانلار كۆپىنچە ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەرنى ئۆزىنىڭ كىبىر ۋە ئەقىلسىزلىقلىرى بىلەن ئۆزلىرى ھازىرلايدۇ.**



## KOYNUNDA YILAN BESLEYEN TAVUK

Bir tavuk, kümesin önünde birkaç yılan yumurtası bulur ve hemen yumurtalar üzerine kuluçkaya yatar.

Bir kırlangıç, tavuğun bu davranışını görür. Ona şu uyarıyı yapar:

— Ey aptal tavuk!

Yılan gibi kötü bir yaratığı dünyaya getirmenin senin için faydası var mı?

Zira onlar büyür büyümez, önce seni öldürürler.

**• Kötü huylu insanları değiştiremezsiniz. Onlardan uzak durmakta, şerlerine karşı tedbirli olmakta fayda vardır.**

## قويندا يىلان باققان توخۇ

بىر توخۇ، كاتەكنىڭ ئالدىدا بىر قانچە تال يىلان تۇخۇمنى تېپىۋېلىپ بۇ تۇخۇملارنى بېسىپ يېتىپتۇ.

بىر قارلىغاچ توخۇنىڭ بۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ:

- ھەي ئەخمەق توخۇ!

- يىلاندەك ئەسكى بىر جانىۋارنى دۇنياغا كەلتۈرۈشنىڭ بىر پايدىسى بارمۇ؟ ئۇلار چوڭ بولا ـ بولماي، ئەڭ ئاۋۋال سېنى ئۆلتۈرىدۇ.

**. يامان خۇيلۇق ئادەملەرنى ئۆزگەرتەلمەيسىز. ئۇلاردىن ئۇزاق تۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىغا قارىتا تەدبىرلىك بولۇشتا پايدا بار.**




## KORKAĞA CESARET AŞILANAMAZ

Bir geyik yavrusu ormanda anası ile birlikte mutlu yaşıyordu.

Bir gün uzaktan av peşinde koşan köpeklerin sesleri gelince ana geyik titremeye başladı.

— Anne, dedi yavru geyik. Sen bir köpekten daha büyük ve daha hızlısın. Üstelik kendini savunacak boynuzların var, niye korkuyorsun?

Anne geyik acı acı güldü.

— Söylediklerinin hepsi doğru yavrum, ama ne yapayım ki, bir köpek havlaması işitir işitmez, kaçmaktan başka bir şey düşünemez oluyorum.

• **Korkağa cesaret aşılanamaz.**

## قورقۇنچاققا جاسارەتنى ئەملىگىلى بولماس

بىر كىيىك بالىسى ئورمانلىقتا ئانىسى بىلەن بىللە خۇشال ياشايدىكەن.

بىر كۈنى ئوۋ پېشىدە يۈگرەپ يۈرگەن ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىغان ئىكەن ئانا كىيىك تىترەشكە باشلاپتۇ.

- ئانا، - دەپتۇ بالا كىيىك، سەن بىر ئىتتىن ھەم چوڭ ھەم تېز يۈگرەيسەن، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئۆزەڭنى قوغدايدىغان مۈڭگۈزلىرىڭ بار، نېمىشقا قورقىسەن؟

ئانا كىيىك ئاچچىق كۈلۈپتۇ:

- دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا قوزام، ئەمما مەن قانداق قىلاي، بىر ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىنى ئاڭلار- ئاڭلىماي قېچىشتىن باشقا بىر نەرسە ئويلىيالمايمەن.

**. قورقۇنچاققا جاسارەتنى ئەملىگىلى (ئوكۇل قىلىپ ئۇرغىلى) بولماس.**

www.Mahinur.Com



## KIRILAN BOYNUZ

Bir çoban, sürüden ayrılan bir keçiyi geri getirmeye çalışıyordu. Ama keçinin inadı tutmuş, geri dönmeye yanaşmıyordu.

Çoban, çaresiz kalınca, yerden bir taş alıp keçiye fırlattı. Taş keçinin boynuzuna çarpıp boynuzu kırdı. Hayvanı çirkin hale getirdi. Çoban, efendisinin öfkesinden korkarak keçiye yalvardı:

— Ne olur, efendime, boynuzunu benim kırdığımı söyleme, dedi.

Keçi:

— Sen ne aptal adamsın, dedi. Ben söylemesem bile, boynuzum söyleyecek.

**• Gizlenmeyecek şeyleri gizlemeye çalışmanın hiç bir faydası olmaz.**

## سۇنغان مۈڭگۈز

بىر پادىچى، توپىدىن ئايرىلغان بىر ئۆچكىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە تىرىشىۋاتاتتى. ئەمما ئۆچكىنىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ، قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمايۋاتاتتى.

پادىچى، چارىسىز قالغاچقا، يەردىن بىر تاش ئېلىپ ئۆچكىگە ئاتتى. تاش ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە تېگىپ مۈڭگۈزىنى سۇندۇرۇۋەتتى، ھايۋاننى كۆرۈمسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. پادىچى، ئىگىسىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ئۆچكىگە يالۋۇردى:

- ئۆتۈنۈپ قالاي، خوجايىنىمغا مۈڭگۈزۈڭنى مېنىڭ سۇندۇرۇۋەتكىنىمنى دېمىگىن، - دېدى.

ئۆچكە:

- سەن نېمە دېگەن ئەقىلسىز ئادەم، - دېدى، - مەن دېمىسەممۇ مۈڭگۈزۈم دەيدۇ.

**. يوشۇرۇپ قىلىشقا بولمايدىغان نەرسىلەرنى يوشۇرۇشقا تىرىشىشنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوقتۇر.**



## ÇARESİZİN SÖZÜNE İNANILMAZ

Adam, gün boyunca sadece küçük bir balık yakalayabilmişti. Oltaya takılan küçük balığı kovasına atarken, balık dile geldi:

— Ben küçücük bir balığım. Sizin karnınızı doyurmam. Ne olur beni suya bırakın, büyüyünce ben buraya gelirim, o zaman beni yakalarsınız.

— Hayır, olmaz, dedi balıkçı. Ben seni şimdi yakaladım. Eğer suya geri bırakırsam, o zaman senin bana söyleyeceğin: "Gel bakalım balıkçı, beni bir daha yakalayabilirsen yakala" sözü olur.

**• Ümitsiz durumda olanların vaadlerine inanmayınız. Çaresizlik insana her sözü verdirir.**

## چارىسىزنىڭ سۆزىگە ئىشەنگىلى بولماس

بىر ئادەم كۈن بويى پەقەتلا كىچىك بىر بېلىق تۇتالاپتۇ. قارمىقىغا ئىلىنغان كىچىك بېلىقنى چېلەككە سېلىۋاتقاندا، بېلىق تىلغا كەپتۇ:

ـ مەن بىر كىچىككىنە بېلىق. سىزنىڭ قارنىڭىزنى تويغۇزالمايمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي مېنى قويۇپ بېرىڭ، چوڭ بولغاندا مەن بۇ يەرگە كېلەي، شۇ ۋاقىتتا مېنى تۇتارسىز.

ـ ياق، ئۇنداق قىلساق بولماس، ـ دەپتۇ بېلىقچى. ـ مەن سېنى هازىر تۇتۇۋالدىم، ئەگەر سېنى سۇغا قويۇپ بەرسەم، ئۇ چاغدا سېنىڭ ماڭا دەيدىغىنىڭ «قېنى كۆرۈپ باقايلى بېلىقچى، مېنى ئەمدى تۇتالساڭ تۇت!» بولۇپ قالىدۇ.

**. ئۈمىدسىز ئەھۋالدىكىلەرنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشەنمەڭ. چارىسىزلىك ئىنسانغا هەرقانداق ۋەدىنى بەرگۈزىدۇ.**



## İYİLİĞE KÖTÜLÜKLE KARŞILIK VERMEK

Bahçıvan, tarlasını sulamak için kuyudan su çekiyordu. Kuyunun etrafında koşuşup duran köpek aniden kuyuya düştü.

Bahçıvan derhal soyundu ve kuyuya indi. Köpeği kucağına alıp çıkacağı sırada kadir-bilmez nankör köpek, efendisinin elini ısırıverdi.

Bahçıvan can acısı ile köpeğe:

— Demek seni ölümden kurtaran birine böyle teşekkür ediyorsun. Sen yardım edilmeye layık değilsin. O halde, kuyudan kendin çık, dedi ve köpeği tekrar kuyuya bıraktı.

• ***Bazı insanlar kendilerine iyilik yapan insanlara bile kötülükle karşılık vermekten geri durmazlar.***

## ياخشىلىققا يامانلىق

بىر باغۋەن، ئېتىزلىقنى سۇغىرىش ئۈچۈن قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتاتتى. قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئىت تۇيۇقسىزلا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى.

باغۋەن دەرھال يېشىندى ۋە قۇدۇققا چۈشتى. ئىتنى قۇچىقىغا ئېلىپ قۇدۇقتىن چىقاي دەپ تۇرغاندا، قەدرىنى بىلمىگەن تۇزكور ئىت ئىگىسىنىڭ قولىنى چىشلىۋالدى.

باغۋەن جان ئاچچىقى بىلەن ئىتقا:

- دېمەك سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان بىرىگە مۇشۇنداق تەشەككۈر ئېيتىسەن. سەن ياردەم قىلىشقا لايىق ئەمەس. ئۇ ھالدا قۇدۇقتىن ئۆزەڭ چىق، - دېدى ۋە ئىتنى قايتا قۇدۇققا قويۇپ بەردى.

**. بەزى ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلغان ئادەملەرگە يامانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇشتىن يانمايدۇ.**



## HEM SUÇLU, HEM GÜÇLÜ

Bir köpek, öküz ahırına girdi ve onun yiyeceği olan samanların üzerine uzandı.

Az sonra öküz, tarladan yorgun argın çıka geldi. Karnı acıkmıştı. Yiyeceği olan saman üzerinde yatan köpeği uyandırdı. Köpek af dileyecek yerde uykusu bölündüğü için öfkelenerek öküzü ısırmak istedi.

Sabrı tükenen öküz, köpeğe şöyle çıkıştı:

— Benim yiyeceğime ortak olmak istiyorsan, buyur beraber yiyelim. Ama sen, samanın üstüne yatmış; ne kendin yiyor, ne de bana yediyorsun.

**• Bazı insanlar suçlu oldukları halde, haklı imiş gibi davranarak, haksızlıklarını gözlerden gizlemek isterler.**

## قورققان ئاۋال مۇشت كۆتۈرەر

بىر ئىت ئۆكۈزنىڭ ئېغىلىغا كىردى ۋە ئۇ يەيدىغان سامانلارنىڭ ئۈستىدە يېتىپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۆكۈز، ئېتىزلىقتىن ھېرىپ-ئېچىپ ئېغىلغا كىردى. قورسىقى ئاچقان ئىدى. يەيدىغان سامانىنىڭ ئۈستىدە يېتىۋالغان ئىتنى ئويغاتتى. ئىت كەچۈرۈم سوراشنىڭ ئورنىغا ئۇيقۇسى بۆلۈنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆكۈزنى چىشلىمەكچى بولدى. سەۋر تاقىتى قالمىغان ئۆكۈز، ئىتنى شۇنداق ئەيىپلىدى:

- مېنىڭ تامىقىمغا شېرىك بولۇشنى خالىساڭ كەل، بىللە يەيلى. ئەمما سەن سامانىنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ يا ماڭا يېگۈزمەيسەن، يا ئۆزۈڭ يېمەيسەن.

**. بەزى ئادەملەر سەۋەنلىك ئۆزىدە بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ھەقلىق كۆرسىتىپ، ناھەقچىلىكلىرىنى يوشۇرۇپ قېلىشنى ئويلايدۇ.**

www.Mahinur.Com



## AVA GİDEN AVLANIR

Bir kurt, çayırda otlayan koyunları yemek için bir hile düşünmüştü. Çobana ve çoban köpeğine farkettirmeden, sırtına bir koyun postu geçirerek koyunlar arasına dalmış ve karnını doyurmak için ağılda uygun zamanı kollamaya başlamıştı.

Bu arada çobanın da karnı acıkmış, koyunlardan birini kesip pişirmek niyeti ile ağıla girmişti.

Çoban, önüne çıkan ilk hayvanı yakalayıp ağılda hemen kesti.

Çobanın koyun diye bıçakla başını kestiği hayvan, koyun postuna bürünmüş kurttan başkası değildi.

**• İnsan bazen ava giderken avlanır. Başkasına kurduğu hile ve tuzağa kendi düşer.**

## ئوۋغا چىققان ئوۋلىنار

بىر بۆرە، ئوتلاقتا ئوتلاۋاتقان قويلارنى يېيىش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپتۇ. مالچىغا ۋە مالچىنىڭ ئىتىغا بىلىندۈرمەستىن، ئۈستىگە بىر قوي تېرىسىنى ئارتىپ (قوي تېرىسىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ) قويلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ ۋە قارنىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئېغىلدا پۇرسەت كۈتۈشكە باشلاپتۇ.

بۇ ئارىلىقتا مالچىنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ، قويلىرىدىن بىرنى بوغۇزلاپ پىشۇرۇش نىيىتى بىلەن ئېغىلغا كىرىپتۇ.

مالچى ئالدىغا چىققان تۇنجى ھايۋاننى تۇتۇپ ئېغىلدا دەرھال بوغۇزلاپتۇ.

مالچىنىڭ قوي دەپ پىچاق بىلەن بېشىنى كەسكەن ھايۋان قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرىدىن باشقىسى ئەمەس ئىدى.

**. ئىنسان بەزىدە ئوۋغا چىققاندا ئوۋلىنار. باشقىلارغا قۇرغان ھىيلە ۋە تۇزاققا ئۆزى چۈشەر.**



## DÜŞENİN DOSTU OLMAZ

Köpekler, yolda bir aslan derisi bulmuş, onunla alaylı bir şekilde oynuyorlardı. Kimisi deriyi tekmeliyor, kimisi dişleyip parçalıyordu.

Bu durumu gören bir tilki, köpeklerin yanlarına yaklaşarak onlara dedi ki:

— Eğer bu aslan hayatta olsaydı, siz bu şımarıklığı gösterebilir miydiniz acaba?

O zaman onun pençesinin, sizin dişlerinizden kat kat keskin olduğunu anlardınız.

**• Düşene tekme vuran çok olur. Düşenin dostu olmaz.**

## يىقىلغاننىڭ دوستى بولماس

ئىتلار يولدا بىر ئارسلان تېرىسىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ئوينىغانتى. بەزىلىرى تېرىنى تېپىپتۇ، بەزىلىرى چىشلەپ پارچىلاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىر تۈلكە، ئىتلارنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپ شۇنداق دەپتۇ:

ـ ئەگەر بۇ ئارسلان ھايات بولسا ئىدى، سىلەر بۇ ئەركىلىكنى كۆرسىتەلەمتىڭلار، ئەجەبا؟

ئۇ زامان ئۇنىڭ پەنجىسىنىڭ سىلەرنىڭ چىشلىرىڭلاردىن نەچچە قات ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتىڭلار.

**. يىقىلغاننى تېپىدىغانلار كۆپ بولۇر. يىقىلغاننىڭ دوستى بولماس.**



## EKŞİ ÜZÜMLER

Tilki, açlıktan ve susuzluktan halsiz düşmüş halde, bir üzüm bağına daldı. Güneşin olgunlaştırdığı üzümler ağzını sulandırıyordu. Ama asmalardaki salkımlar da onun yetişemeyeceği kadar yükseklerdeydi.

Tilki sıçradı, ama üzümlere ulaşamadı. Bir kere daha denedi. Yine erişemedi. Üçüncü denemesi de başarısızlıkla sonuçlanınca, kendi kendine şöyle mırıldandı:

— Zaten ben, o üzümleri yemek istememiştim. Hem, onların ağza konulmayacak kadar ekşi olduklarını da biliyorum.

**•Kedi erişemeyeceği ciğere pis dermiş.**

## ئاچچىق ئۈزۈم

تۈلكە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلانغان ھالدا بىر ئۈزۈم بېغىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. قۇياش نۇرىدا سارغىيىپ پىشقان ئۈزۈملەر ئاغزىغا سىرىق سۇ كەلتۈرەتتى. ئەمما باراڭدىكى ساپاقلار ئۇنىڭ بويى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئېگىز ئىكەن.

تۈلكە سەكرەپتۇ، ئەمما ئۈزۈملەرگە بويى يەتمەپتۇ. يەنە بىرقېتىم سىناپ بېقىپتۇ، يەنە يېتەلمەپتۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇشىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ:

- زادى مەن بۇ ئۈزۈملەرنى يىمەكچى ئەمەستىم. ھەم ئۇلارنىڭ ئېغىزغا سالغىلى بولمىغىدەك ئاچچىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم.

**• مۆشۈك ئېرىشەلمىگەن جىگەرنى مەينەت دەيمىش.**

www.Mahinur.Com



## BOYKOT

İnsandaki organlar, bir gün aralarında bir toplantı yaptılar. Kendilerinin sabahtan akşama kadar midenin istek ve ihtiyaçları uğrunda çalıştıklarını söylediler.

Toplantı sonunda, bundan sonra midenin isteklerinin yerine getirilmemesini kararlaştırdılar. Eller yiyeceği ağza götürmeyecek, ağız yiyecek kabul etmiyecek, dişler çiğnemeyecekti.

Mide dışındaki organlar, mideye karşı boykota başladıktan kısa zaman sonra, mide ile birlikte hastalanmaya başladılar.

Sonunda anlaşıldı ki, mide nasıl diğer organların yardımı olmaksızın hayatiyetini devam ettiremezse, diğer organlar da midenin ihtiyaçlarını karşılamadıkları takdirde kendi canlılıklarını sürdürememektedirler.

• **Toplumda herkes kendi hissesine düşen görevi yerine getirmelidir.**

## ئىش تاشلاش

ئىنساندىكى ئەزالار بىر كۈنى ئارىلىرىدا بىر يىغىن ئېچىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاشقازاننىڭ ئىستەك ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا، بۇنىڭدىن كېيىن ئاشقازاننىڭ ئىستەكلىرىنىڭ جايىغا كەلتۈرۈلمەسلىكى قارار قىلىنىپتۇ.

قوللار تاماقنى ئېغىزغا ئاپارمايدىغان ، ئېغىز تاماق قوبۇل قىلمايدىغان، چىشلار چاينىمايدىغان بوپتۇ.

ئاشقازاندىن باشقا ئەزالار ئاشقازانغا قارشى ئىش تاشلاپ، قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئاشقازان بىلەن بىللە ئاغرىپ قېلىشقا باشلاپتۇ.

ئاخىرى چۈشىنىپ يېتىپتۇكى، ئاشقازان باشقا ئەزالارنىڭ ياردىمى بولماستىن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالمىغىنىدەك، باشقا ئەزالارمۇ ئاشقازاننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرمىغان تەقدىردە ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالمايدىكەن.

**. جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆز زىممىسىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىشى لازىم.**



## SİNEKLER VE BAL

Bir bakkalın rafındaki bal kavanozu devrilip yere düşmüş, ballar etrafa dökülmüştü. Bakkal durumun farkına varmadığından, dökülen balları temizleyememişti.

Bu durumu gören sinekler, sevinçle bala üşüşüp baldan yemeye başladılar. Ama birdenbire kanatlarının ve ayaklarının bala, uçmalarına imkan vermiyecek şekilde bulaştığını gördüler.

Bala sevinçle üşüşen sinekler, şimdi durumlarına ağlıyorlar ve:

— Meğer biz ne kadar düşüncesizmişiz. Bala o kadar tamah ettik ki, onun bizim için ne kadar tehlikeli olduğunu unutuverdik.

• **Deveyi yardan uçuran, bir tutam ottur.**

## پاشلار ۋە ھەسەل

بىر باققالنىڭ تەكچىسىدىكى ھەسەل قۇتىسى ئۆرۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ، ھەسەللەر ئەتراپقا تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. باققال بۇنى كۆرمەي قېلىپ، تۆكۈلۈپ كەتكەن ھەسەلنى تازىلىماپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پاشىلار خۇشاللىق بىلەن ھەسەلنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ ھەسەلدىن يېيىشكە باشلاپتۇ. ئەمما تۇيۇقسىز قاناتلىرى ۋە پۇتلىرىنىڭ ھەسەلگە ئۇچۇشقا ئىمكان بەرمىگۈدەك دەرىجىدە مىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

ھەسەلنىڭ ئەتراپىغا خۇشاللىق بىلەن ئولاشقان پاشىلار ئەمدى ھالىغا يىغلاپ تۇرۇپ:

- بىز نىمانچە ئەقىلسىز. ھەسەلگە شۇنچىلىك تاما قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

• **تۆگىنى ياردىن ئۇچۇرغان بىر تۇتام ئوتتۇر.**



## HUYUM BU!

Önündeki suyu nasıl geçeceğini bilemeyen akrebin haline, bir kurbağa acımış, onu sırtına bindirip yüzmeye başlamış. Suyun ortasına geldiklerinde, akrep kendine yardım eden kurbağayı sokmaya kalkmış. Kurbağa can havli ile:

— Sana iyilik edene sen böyle mi davranırsın? diye haykırmış.

Akrep alaylı şekilde:

— Ne yapayım. Elimde değil. **Benim huyum bu. Sokmadan edemem,** demiş.

Kurbağa derhal suya dalar ve yüzme bilmediğinden boğulmak üzere olan akrebe şöyle seslenir:

— Sen de benim kusuruma bakma! **Benim de huyum suya dalmaktır. Dalmadan edemem.**

**• Kötü huylu ile dostluk kuran, bir gün ondan zarar göreceğini unutmamalıdır.**

## خۇيۇم بۇ!

ئالدىدىكى سۇدىن قانداق ئۆتۈشنى بىلمەي تۇرغـان چايانىنـڭ ھالىغا بىر پاقىنىڭ ئىچى ئـاغرىپتۇ، ئـۇنى ئۈسـتىگە ئېلىـپ ئۈزۈشـكە باشلاپتۇ. سۇنىڭ ئوتتۇرسىغا كەلگەندە چايان ئۆزىگە يـاردەم قىلغـان پاقىنى چېقىشقا ئۇرۇنۇپتۇ.

پاقا جان ئاچچىقى بىلەن:

- سـاڭا ياخشـىلىق قىلغانغـا سـەن مۇشـۇنداق مۇئـامىلە قىلامسەن؟ - دەپ ۋاقىراپتۇ.

چايان مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا:

**- قانـداق قىـلاي. ئىختىيـارىم ئەمەس. مېنىـڭ خۇيـۇم بـۇ. چاقماستىن تۇرالمايمەن،** - دەپتۇ. پاقـا دەرھـال سـۇغا شـۇڭغۇپتۇ ۋە ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە، تۇنجۇقۇپ قالاي دەپ قالغان چايانغا مۇنداق دەپتۇ.

**- سەنمۇ مېنى ئەيىپكە بۇيرۇما، مېنىڭ خۇيۇم سۇغا شۇڭغۇشتۇر. شۇڭغۇماي تۇرالمايمەن.**

**. ئەسكى خۇيلۇق بىلەن دوست بولغان ئادەم بىر كۈنى ئۇنىڭدىن زىيان يېتىدىغىنىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.**



## YANLIŞ BİR AKIL YÜRÜTME

Bir aslanı bir horozun ötüşü kadar ürküten başka bir ses yoktur.

Aslanın biri, bir gün bir eşeğe saldırmaya hazırlanırken, horoz ötmeye başlar. Aslan da eşeği yemekten vazgeçip kaçar.

Aslanın horoz sesinden ürküp kaçması eşeği keyiflendirir. Horoz sesinden böylesine ürken bir aslan, eşek sesinden daha fazla korkar, diye düşünür.

Aslanın ardına takılır. Anırarak onu iyice korkutmak ister.

Aslan, aptal eşeğin anırarak kendini kovaladığını görünce, hemen geri döner ve onu bir hamlede parçalayıp işini bitirir.

**• Olayları dış görünüşlerine göre değerlendirmek, insanı yanlış sonuç ve hükümlere götürür. Akıllarını doğru kullanamayanlar, bedelini pahalı öderler.**

## خاتا ئەقل ئىشلىتىش

بىر شىرنى بىر خورازنىڭ چىللىشىدىن بەكرەك ئۈركۈتىدىغان باشقا ئاۋاز يوقتۇر.

شىردىن بىرى بىر كۈنى بىر ئېشەككە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، خوراز چىللاشقا باشلاپتۇ. شىرمۇ ئېشەكنى يېيىشتىن ۋاز كېچىپ قېچىپتۇ.

شىرنىڭ خوراز ئاۋازىدىن ئۈركۈپ قېچىشى ئېشەكنى كەيپلەندۈرۈپتۇ. خورازنىڭ ئاۋازىدىن شۇنچىلىك ئۈركۈگەن بىر شىر ئېشەكنىڭ ئاۋازىدىن تېخىمۇ قورقىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

شىرنىڭ كەينىدىن يۈگرەشكە باشلاپتۇ. ھاڭراپ ئۇنى تېخىمۇ بەك قورقۇتماقچى بولۇپتۇ.

شىر دۆت ئېشەكنىڭ ھاڭراپ ئۇنى قوغلىغىنىنى كۆرۈپ دەرھال قايتىپ بېرىپ ئۇنى بىر ھەملىدە پارچىلاپ ئىشىنى تۈگىتىپتۇ.

**. ھادىسىلەرنى سىرتقى كۆرۈنۈشكە قاراپ باھالاش ئىنساننى خاتا نەتىجە ۋە ھۆكۈملەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەقلىنى توغرا قوللىنالمىغانلار بەدىلىنى ئېغىر ئۆتەيدۇ.**



## SUYU ÖNCE KİM İÇECEK?

Pınarların kuruduğu çok sıcak bir yaz günü, bir aslan ile bir ayı bir su başında biraraya gelirler.

İki hayvan, “önce ben içeceğim”, kavgasına başlayıp birbirlerine saldıracakları sırada havada uçuşan akbabaları görürler. Akbabalar onların kapışmasını beklemektedir. Akbabalara yem olmaktansa, suyu biraz geç içmenin daha hayırlı olacağını anlıyan 2 hayvan, bu sefer, suyu birbirlerine ikram yarışına girerler.

— Arkadaş, buyur, suyu önce siz için, derler.

**• Komşunuzla kavga etmeden önce, pusuda bekliyen düşmanlarınızın varlığını hatırlayınız.**

## سۇنى ئاۋۋال كىم ئىچىدۇ؟

بۇلاقلار قۇرۇپ كەتكەن تومۇز ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر ئارسلان ۋە بىر ئېيىق سۇ بويىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ئىككى هايۋان «ئاۋۋال مەن ئىچىمەن» دەپ جېدەل باشلاپ، بىر-بىرىگە هۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، هاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇزغۇنلارنى كۆرۈپ قاپتۇ. قۇزغۇنلار ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئېلىشىشىنى ساقلاپ تۇرغان. قۇزغۇنلارغا يەم بولۇشتىن، سۇنى بىرئاز كېيىن ئىچىشنىڭ تېخىمۇ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىككى هايۋان بۇ قېتىم سۇنى بىر-بىرلىرىگە ئۆتۈنۈشكە باشلاپتۇ.

- بۇرادەر، مەرھەمەت، سۇنى ئاۋۋال سىز ئىچىڭ، - دېگۈدەك.

**. خوشنىڭىز بىلەن جېدەل قىلىشتىن بۇرۇن، تۇزاق قۇرۇپ ساقلاۋاتقان دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ بارلىقىنى خاتىرلەڭ.**



## RÜŞVET

Hırsızın biri, bahçe duvarına tırmanırken, onu gören evin köpeği havlamaya başladı. Hırsız:

— Sus! Ses çıkarma, diye fısıldadı. Ben senin sahibinin arkadaşıyım.

Ve cebinden çıkardığı yiyecek parçalarını köpeğe attı.

Evin sadık köpeği:

— Hayır, hayır, dedi. Senden şüphelenmiştim ama, şimdi sus payı olarak hediyeler dağıtmana bakarak, niyetinin kötü olduğuna kesin kanaat getirdim.

Ve köpeğin ısrarlı havlamasına uyanan ev halkı, hırsızı kıskıvrak yakaladılar.

• **Görevde olan birine verilen hediye, saygı ifadesi değil; sus payı ve rüşvet niyetinin göstergesidir.**

## پارا

بىر ئوغرى ھويلا تېمغا يامىشىۋاتقاندا، ئۇنى كۆرگەن ئۆينىڭ ئىتى ھاۋشىشقا باشلىدى. ئوغرى:

-جىم! ئاۋازىڭنى چىقارما، - دەپ پىچىرلىدى. مەن سېنىڭ ئىگەڭنىڭ دوستى.

ۋە يانچۇقىدىن يىمەكلىك پارچىلىرىنى ئېلىپ ئىتقا ئاتتى.

ئۆينىڭ سادىق ئىتى:

-ياق، ياق، - دىدى. سەندىن شۈبھىلەنگەن ئىدىم. ئەمما ھازىر مېنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن ھەدىيەلىرىڭگە قاراپ، نىيىتىڭنىڭ يامانلىقىنى قەتئىي جەزملەشتۈردۈم.

ۋە ئىتنىڭ توختىماي ھاۋشىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئۆي ئىگىلىرى، ئوغرىنى قورشاپ تۇتۇۋالدى.

. ۋەزىپىدىكى بىرىگە بېرىلگەن ھەدىيە ھۆرمەت ئىپادىسى ئەمەس، جىمىقتۇرۇش ۋە خوشامەت نىيىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.



## İHTİYAÇLAR İCADLARIN ANASIDIR

Susuzluktan ölme derecesine gelen bir karga, yerde bir su testisi gördü. Ama, su testinin dibinde idi ve karganın gagası suya yetişemiyordu. Testiyi kırmak için devirmeyi denedi. Ama gücü buna yetmedi.

Karga çaresizlik içinde ne yapacağını düşünürken birden aklına bir fikir geldi. Yerden ufak taşlar alıp testinin içine atmaya başladı. Testiye taş doldukça, içindeki suyun seviyesini de yükseltiyordu. Nihayet su, testinin ağzına kadar çıktı. Karga da testinin kenarına konarak suyu içti ve susuzluğunu böylece giderdi.

**• Bir şeyi icad etmek için, önce ona ihtiyaç hissedilmesi gerekir. Bütün keşif ve icadların anası, ihtiyaçtır.**

## ئېھتىياجلار ئىجاتلارنىڭ ئانىسىدۇر

ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر قاغا يەردە بىر سۇ كومزىكى كۆرۈپ قالدى. ئەمما سۇ كومزەكنىڭ تېگىدە ئىدى ۋە قاغىنىڭ تۇمشۇقى سۇغا يەتمەيۋاتاتتى.

كومزەكنى چېقىش ئۈچۈن ئۆرۈمەكچى بولدى. ئەمما كۈچى بۇنىڭغا يەتمىدى. قاغا چارىسىزلىك ئىچىدە قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتقاندا ئەقلىگە بىر پىكىر كەلدى. يەردىن كىچىك تاشلارنى ئېلىپ كومزەكنىڭ ئىچىگە سېلىشقا باشلىدى. كومزەككە تاش تولغانسېرى ئىچىدىكى سۇ يۈزىنى ئۆرلىتىۋاتاتتى.

نىھايەت سۇ، كومزەكنىڭ ئاغزىغا كەلدى. قاغىمۇ كومزەكنىڭ قىرىغا قونۇپ سۇنى ئىچتى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى مۇشۇنداق باستى.

**. بىر نەرسىنى ئىجات قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئېھتىياج ھېس قىلىشىمىز كېرەك. پۈتۈن كەشىپ ۋە ئىجاتلارنىڭ ئانىسى ئېھتىياجدۇر.**



## İYİLİĞİN MÜKAFATI

Pınarın başında, suyun içine doğru bir ot uzanıyordu. Karınca bu ota tırmanarak suya erişmek istediyse de, rüzgarın etkisiyle dengesini kaybetti ve suyun içine düşüverdi.

Civardaki bir ağaç dalında duran kumru, karıncanın boğulmak üzere olduğunu görmüştü. Hemen suya bir yaprak bırakıp karıncanın bu yaprağa tırmanmasını sağladı ve onu boğulmaktan kurtardı.

Bu sırada bir avcı da kumruyu avlamak için tuzak kurmakla meşguldü. Kendini kurtaran kumruyu tehlike içinde gören karınca, hemen avcıya doğru gitti. Onu çıplak bacağından ısırdı. Avcı can acısıyla bağırınca kumru tehlikeyi gördü ve derhal uçup kurtuldu.

• **İyilik yapan, daima iyilik görür.**

## ياخشىلىقنىڭ مۇكاپىتى

بۇلاق بېشىدا سۇنىڭ ئىچىگە بىر ئوت ساڭگىلاپ تۇراتتى. چۈمۈلە بۇ ئوتقا يامىشىپ سۇغا ئېرىشمەكچى بولسىمۇ، شامالنىڭ تەسىرى بىلەن تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، سۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

شۇ ئەتراپتىكى بىر دەرەخ شېخىدا تۇرغان پاختەك چۈمۈلىنىڭ تۇنجۇقۇپ قالاي دىگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. دەرھال سۇغا بىر يوپۇرماق تاشلاپ چۈمۈلىنىڭ يوپۇرماققا چىقىشىغا ياردەم قىلدى ۋە ئۇنى تۇنجۇقۇپ قېلىشتىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

بۇ چاغدا بىر ئوۋچى پاختەكنى ئوۋلاش ئۈچۈن تۇزاق قۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان پاختەكنى خەتەر ئىچىدە كۆرگەن چۈمۈلە دەرھال ئوۋچىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭ يالىڭاچ پاچىقىنى چېقىۋالدى. ئوۋچى جان ئاچچىقى بىلەن ۋاقىرىشىغا، پاختەك خەتەرنى كۆردى ۋە دەرھال ئۇچۇپ قۇتۇلدى.

• **ياخشىلىققا ياخشىلىق.**



## SON GÜLEN İYİ GÜLER

Bir zamanlar kısır bir inek vardı. Kendisini köylüler sabana sürmezler, o da dilediği gibi gezer, serbestçe otlardı.

Bir gün saban çeken öküze alaylı şekilde yaklaşıp:

— Sen ne kadar zavallısın, dedi. Sabahtan akşama kadar kan ter içinde çalışıyorsun. Bir de bana bak, hiçbir iş yapıyor muyum? Ne karışanım var, ne görüşenim. Yaşlı öküz, bu alaylara ses çıkarmadan işine devam etti.

Akşam ahıra dönerken, sahiplerinin konuşmasından, o gece yapılacak özel bir törende, kısır ineğin kurban edileceğini öğrendi. Hemen ineği bularak duyduklarını ona anlattı ve sonra duydukları-nı ona anlattı ve sonra dedi ki:

— Şimdi asıl zavallı olan kim ahbap? Senin dilediğin gibi yaşamana niçin karışmadıklarını şimdi anlamış oldun. Bana gelince, sabana koşulmak, bıçak altına yatırılmaktan her zaman daha hayırlıdır.

• **Son gülen, iyi güler.**

## ئاخىردا كۈلگەن ئوبدان كۈلەر

بىر زامانلار قىسىر بىر ئىنەك بار ئىدى. ئۇنى يېزىدىكىلەر قوشقا قاتمايتتى، ئۇمۇ خالىغىنىچە ئايلىنىپ، ئەركىن ئوتلايتتى.

بىر كۈنى قوش تارتىۋاتقان ئۆكۈزنىڭ قېشىغا مەسخىرىلىك بىر شەكىلدە يېقىنلىشىپ:

- سەن نېمە دېگەن بىچارىسەن، - دېدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە قان-تەر ئىچىدە ئىشلەيسەن. ماڭا بىر قارا، ھېچبىر ئىش قىلامدىم؟ يا ئارىلىشىدىغىنىم يوق يا كۆرۈشىدىغىنىم.

قېرى ئۆكۈز بۇ مەسخىرىلەرگە ئۈن چىقارماستىن ئىشىنى داۋاملاشتۇردى.

ئاخشىمى ئېغىلغا قايتىۋاتقاندا، ساھىپلىرىنىڭ پاراڭلىرىدىن ئۇ كېچە قىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر مۇراسىمدا قىسىر ئىنەكنىڭ قۇربان قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. دەرھال ئىنەكنى تېپىپ ئاڭلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئاڭلاتتى ۋە ئاخىردا شۇنداق دېدىكى:

- ئەمدى ئەسلىدە بىچارە بولغان كىم، ئەخمەق؟ سېنىڭ تىلىگىنىڭدەك ياشىشىڭغا نىمىشقا ئارىلاشمىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەن بولدۇڭ. ماڭا نىسبەتەن قوشقا قېتىلماق پىچاق ئاستىدا ياتقۇزۇلماقتىن ھەر زامان تېخىمۇ خەيرلىكتۇر.

• ئاخىردا كۈلگەن ياخشى كۈلەر.



## İHANETİN BEDELİ

Tilki ile eşek arkadaş olup birlikte karınlarını doyurmaya çıktılar.

Önlerine aç bir aslan çıkınca, tilki hemen kurnazlığa başvurdu. Kendisine dokunmadığı takdirde, arkadaşı eşeği aslana yem edeceğini söyledi.

Aslan, tilkiye dokunmayacağını söyledi. Tilki bunun üzerine eşeği aslanın tuzağına doğru götürdü. Artık eşek aslanın elinden kurtulması imkansız bir duruma düşmüştü.

Eşeği çantada keklik gören aslan, arkadaşına ihanette hiç tereddüt etmeyen tilkiye döndü. Önce onun üzerine atlayıp onu parçaladı. Tilki ihanetinin cezasını, hayatıyla ödemişti.

• **Komşusu için kuyu kazan, içine önce kendi düşer.**

## ساتقىنلىقنىڭ بەدىلى

تۈلكە بىلەن ئېشەك دوست بولۇپ بىللە قورساقلىرىنى تويغۇزۇشقا چىقتى.

ئالدىغا ئاچ بىر شىر چىقىشىغا تۈلكە دەرھال ھىيلىگەرلىكىنى ئىشقا سالدى. ئۆزىگە چېقىلمىغان تەقدىردە، دوستى ئېشەكنى شىرغا يەم قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شىر تۈلكىگە چېقىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۈلكە بۇنىڭ بىلەن ئېشەكنى شىرنىڭ تۇزىقىغا ئاپاردى. ئەمدى ئېشەكنىڭ شىرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەستى.

ئېشەكنى سومكىدىكى كەكلىك كۆرگەن شىر، دوستىغا ساتقىنلىق قىلىشتا ھېچ ئويلىنىپ ئولتۇرمىغان تۈلكىگە بۇرۇلدى. ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئېتىلىپ، ئۇنى پارچىلىدى. تۈلكە ساتقىنلىقنىڭ جازاسىنى ھاياتى بەدىلىگە ئۆتىگەن بولدى.

**. خوشنىسىغا قۇدۇق قازغان ئىچىگە ئاۋۋال ئۆزى چۈشىدۇ.**
**(ئورىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر.)**



## HUYSUZ KÖPEK

Huysuz ve yabani bir köpek vardı. Sahibi onun husuzluklarına çareyi, sonunda boynuna bir tasma takıp ağzına gem vurmakta buldu.

Köpek, bunları ünlü bir köpek olmanın işaretleri sanıyordu. Böylece diğer köpeklere karşı böbürlenmek düşüncesiyle kasabaya gitti. Diğer köpeklerin ilgisini çekmek için aptalca hareketler yaptı.

Güngörmüş, yaşlı bir köpek ona yaklaşarak dedi ki:

— Ben senin yerinde olsam, değil ilgi çekmek ve caka satmak için böyle aptalca davranmak; utancımdan yerin dibine geçerdim.

Tasma ve gem, ünlü bir köpek olmanın alametleri değil, huysuz bir köpek olmanın işaretleridir.

**• Bazı insanlar, terbiyesizliği ve küstahlığı, çok defa ünlü kişi olmakla karıştırırlar.**

## خۇيلۇق ئىت

خۇيلۇق ۋە ياۋايى بىر ئىت بار ئىدى. ئىگىسى ئۇنىڭ ئەسكى خۇيلىرىغا چارىنى، ئاخىرىدا بوينىغا بىر تاسما بېكىتىپ، ئاغزىغا يۈگەن سېلىش بىلەن تاپتى.

ئىت، بۇلارنى داڭلىق بىر ئىت بولۇشنىڭ بەلگىلىرى دەپ ئويلىغان ئىدى. بۇ ھالدا باشقا ئىتلارغا ماختىنىش ئويى بىلەن بازارغا كەتتى. باشقا ئىتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ئەخمەقلەرچە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى.

كۆپنى كۆرگەن قېرى بىر ئىت ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ دېدىكى:

- مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام، دىققەت تارتىش ۋە جاكار سېلىش ئەمەس، خىجىللىقتىن يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەن بولاتتىم.

تاسما ۋە يۈگەن داڭلىق بىر ئىت بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى ئەمەس، ئەسكى خۇيلۇق بىر ئىت بولۇشنىڭ بەلگىسىدۇر.

**. بەزى ئىنسانلار تەربىيىسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقنى، كۆپىنچە داڭلىق ئادەم بولۇش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ.**



## ŞÜPHE GÜVENİ SARSAR

Bir zamanlar kör bir adam vardı. Ellerini hayvanlar üzerinde gezdirmek suretiyle, hangi hayvan olduğunu görmediği halde bilirdi.

Bir gün önüne tecrübe için bir kurt yavrusu getirdiler.

Ellerini hayvanın üzerinde ağır ağır gezdiren adam, kesin bir karara varamamıştı. Nihayet dedi ki:

— Senin babanın köpek mi, yoksa kurt mu olduğunu bilemiyorum.

Bildiğim bir şey var ki, bu şüphe ile, koyunları sana emanet edemem.

**• Şüphe ile güven birarada olmaz. Güvensizlik duygusu insana tedbire sevkeder.**

## شۈبھە ئىشەنچنى تەۋرىتەر

بىر زامانلار قارىغۇ بىر ئادەم بار ئىدى. قوللىرى بىلەن ھايۋانلارنى سىلاش ئارقىلىق قايسى ھايۋان ئىكەنلىگىنى كۆرمەيلا بىلەتتى.

بىر كۈنى ئالدىغا تەجرىبە ئۈچۈن بىر بۆرە بالىسى كەلتۈرۈلدى.

قوللىرى بىلەن ھايۋاننى ئالدىرىماي سىلىغان ئادەم، كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمىگەن ئىدى. نىھايەت دېدىكى:

- سېنىڭ داداڭ ئىتمۇ ياكى بۆرىمۇ ئۇنى بىلمىدىم.

بىلگىنىم بىر نەرسە باركى، بۇ شۈبھە بىلەن قويلارنى ساڭا ئامانەت قىلالمايمەن.

**. شۈبھە بىلەن ئىشەنچ بىر يەردە بولمايدۇ. ئىشەنچسىزلىك تۇيغۇسى ئادەمنى تەدبىرلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.**



## BENCİLLİĞİN CEZASI

Bir köylünün bir atı, bir de eşeği vardı. Yükünü onlara taşıtıyordu. Ancak yükü hayvanların gücüne göre bölecek yerde, zavallı eşeğe çok yük, ata ise az yük yüklüyordu.

Bir gün, kasabadan köye dönerken eşek, hasta olduğunu söyledi. Yükün bir kısmını alıvermesi için ata yalvardı. At bu teklifi reddetti.

Nihayet eşek, bir müddet daha yürüdükten sonra, iyice hastalandı, yol kenarına halsiz yığılıverdi.

Bu durumu gören köylü, eşeğin yükünü ata aktardığı gibi, ağır hasta olan eşeği de atın sırtına yükledi.

Sırtındaki yükün dayanılmaz şekilde ağırlaştığını gören at, kendi kendine şöyle söyleniyordu:

— Ben bunu hakettim. Yol arkadaşımın yükünün bir kısmını yüklenmeyi reddettim, ama şimdi onun hem yükünü, hem de kendisini sırtımda taşımaya mecbur kaldım.

**• Bencil insanlar, fayda elde ediyorum zannıyla, çoğu kere kendilerine büyük zarar verirler.**

## شەخسىيەتچىلىكنىڭ جازاسى

بىر يېزىلىقنىڭ بىر ئېتى، ھەم بىر ئېشىگى باركەن. يۈكىنى ئۇلارغا توشۇتىدىكەن. ئەمما يۈكنى ھايۋانلارنىڭ كۈچىگە كۆرە بۆلمەي، بىچارە ئېشەككە جىق يۈك، ئاتقا بولسا ئاز يۈك يۈكلەيدىكەن.

بىر كۈنى بازاردىن يېزىغا قايتىۋاتقاندا، ئىشەك ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يۈكىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ئاتقا يالۋۇرۇپتۇ. ئات بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپتۇ.

ئاخىرى ئىشەك بىر ئاز مېڭىپ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ ۋە يول بويىغا ھالسىز يىقىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يېزىلىق، ئېشەكنىڭ يۈكىنى ئاتقا ئارتىپتۇ ۋە ئېغىر كېسەل بولغان ئېشەكنىمۇ ئاتقا يۈكلەپتۇ.

ئۈستىدىكى يۈكنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئات ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دېگۈدەك:

- بۇ ماڭا ھەق، يولدىشىمنىڭ يۈكىنىڭ بىر قىسمىنى يۈكلىۋېلىشنى رەت قىلدىم، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ھەم يۈكىنى، ھەم ئۆزىنى دۈمبەمدە يۈدۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

**. شەخسىيەتچى ئىنسانلار پايدا ئالىمەن دەپ كۆپىنچە ئۆزلىرىگە چوڭ زىيان سالىدۇ.**



## HAYATIN CİLVELERİ

Bir geyik, bir kaza sonucu bir gözünü yitirmişti. Kör gözünün bulunduğu taraftan gelebilecek tehlikeleri göremiyeceğinden, deniz kenarındaki sarp bir kayanın yanında otlamaya başladı. Böylece gören gözü ile karadan gelebilecek tehlikelere karşı tedbir alabilecekti. Denizden gelecek bir tehlike beklemediğinden kör gözünü kullanmasına ihtiyaç yoktu.

Fakat bir gün, sahilde kürek çeken bir avcı, sarp kayaların üzerinde otlayan geyiği gördü. Hemen okunu nişanlıyarak geyiği vurdu.

Geyik ölürken, kendi kendine şu sözleri söylüyordu:

— Ne talihsiz başım varmış! Beklediğim tehlike karadan gelmedi de, sırtımı güvenle dayadığım denizden geldi.

**• Hayatın her türlü cilvesine hazır olmalısınız. Aksilikler, hiç beklemediğiniz bir anda, ümit etmediğiniz yönlerden gelebilir.**

## ھاياتنىڭ جىلۋىلىرى

بىر كىيىك بىر ھادىسە سەۋەبى بىلەن بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. كۆزى كور تەرەپتىن كېلىدىغان خەتەرنى كۆرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن دېڭىزنىڭ بويىدىكى تىك بىر قىيانىڭ قېشىدا ئوتلاشقا باشلىدى. مۇنداقچە، كۆرىدىغان كۆزى بىلەن قىرغاقتىن كېلىدىغان خەتەرگە قارىتا تەدبىر ئالالايتتى. دېڭىزدىن كېلىدىغان بىر خەتەر كۈتمىگەچكە، كور كۆزىنى ئىشلىتىشكە كېرەك يوقتى.

ئەمما بىر كۈنى ساھىلدا قېيىقتا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر ئوۋچى، تىك قىيالارنىڭ ئۈستىدە ئوتلاۋاتقان كىيىكنى كۆرۈپ قالدى. دەرھال ئوقىنى نىشانلاپ كىيىكنى ئاتتى.

كىيىك جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆز ئۆزىگە مۇنۇلارنى دەۋاتاتتى:

- مەن نىمىدىگەن تەلەيسىز! كۈتكەن خەتەر قۇرۇقلۇقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم ئىشەنچ بىلەن كەينىمنى قىلىپ تۇرغان دېڭىزدىن كەلدى.

. ھاياتنىڭ ھەر تۈرلۈك جىلۋىسىگە تەييار بولۇپ تۇرۇش كېرەك. خەتەرلەر ھېچ كۈتمىگەن بىر چاغدا، ئويلىمىغان يەردىن كېلىشى مۇمكىن.



## EŞEĞİN GÖLGESİ KİME AİT?

Köylünün biri bir eşek kiralıyarak kasabaya doğru yola koyuldu. Eşeğin sahibi de onlarla beraber geliyordu. Öğle üzeri sıcaklık iyice bastırınca, köylü eşekten inip hayvanın gölgesinde biraz dinlenmek ve serinlemek istedi.

Bu durumu gören eşeğin sahibi şiddetle itiraz etti. Eşek kendisinin olduğu için, gölgesinden istifade etmenin de kendine ait olduğunu söylüyordu.

Köylü ise:

— Ne münasebet! Ben senin eşeğini yol boyunca kiralamadım mı? Öyleyse onu kullanma hakkı bana ait, diyordu.

Eşeğin sahibi ise, bu cevaba:

— Sen eşeği kiraladın, eşeğin gölgesini değil, diye karşılık veriyordu. Onlar böyle münakaşa ederken, başıboş kalan eşek kaçıp kayboldu.

**• İnsanlar, çok zaman boş yere kavga ederler.**

## ئېشەكنىڭ سايىسى كىمگە ئائىت؟

بىر يېزىلىق بىر ئېشەكنى كىرالاپ بازارغا قاراپ يولغا چىقتى. ئىشەكنىڭ ئىگىسىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتى. چىڭقى چۈش ۋاقتى، هاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەندە، يېزىلىق ئېشەكتىن چۈشۈپ هايۋاننىڭ سايىسدا ئازراق دەم ئېلىپ سۆرۈنلىمەكچى بولدى.

بۇنى كۆرگەن ئېشەكنىڭ ئىگىسى قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى. ئىشەك ئۆزىنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ئېشەكنىڭ سايىسىنى ئىشلىتىش هەققىنىڭمۇ ئۆزىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

يېزىلىق بولسا:

ـ نىمە مۇناسىۋەتى! مەن سېنىڭ ئېشىگىڭنى يول بويى كىرالىمىدىممۇ؟ ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇنى ئىشلىتىش هەققى ماڭا ئائىت، ـ دەۋاتاتتى.

ئېشەكنىڭ ئىگىسى بولسا بۇ جاۋاپقا:

ـ سەن ئېشەكنى كىرالىدىڭ، ئېشەكنىڭ سايىسىنى ئەمەس، ـ دەپ قارشلىق بېرىۋاتاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق ئۇرۇشۇۋاتقاندا بېشى بوش قالغان ئېشەك قېچىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

**. ئىنسانلار كۆپىنچە يوق ئىشلارغا جېدەل قىلىدۇ.**



## BİR VEFASIZLIK ÖRNEĞİ

Fırtınalı bir kış günüydü. Bir çoban keçilerini bir mağaraya sürdü. Mağarada pek çok yaban keçisi barınıyordu.

Çoban, kendi keçilerini yalnız başlarına ve aç bırakarak, yanındaki bütün samanı yaban keçilerine yedirdi. Böylece, fırtına dinip hava açınca yaban keçilerini de kendi sürüsüne katacağı hırsına kapıldı.

Ama kar dinip fırtına durduğunda, bütün yaban keçilerinin kaçıp ormana gittiklerini, bakımsız kalan evcil keçilerin ise, açlıktan tamamının öldüklerini gördü.

**• Yeni dostlar uğruna vefasızlık edip eski dostlarını feda edenler, sonunda, hem yeni hem de eski dostlarını kaybedip yalnız kalırlar.**

## بىر ۋاپاسىزلىق ئۈرنىكى

شۇۋرغانلىق بىر قىش كۈنى ئىدى. بىر پادىچى ئۆچكىلىرىنى بىر غارغا ھەيدىدى. غاردا بەك جىق ياۋا ئۆچكە پاناھلىنىۋاتاتتى.

پادىچى، ئۆزىنىڭ ئۆچكىلىرىنى يالغۇز ۋە ئاچ قويۇپ يېنىدىكى پۈتۈن سامانىنى ياۋا ئۆچكىلەرگە يېگۈزدى. مۇنداقچە شۇۋرغان توختاپ ھاۋا ئېچىلغاندا، ياۋا ئۆچكىلەرنىمۇ ئۆز توپىغا قوشۇۋېلىش غەرىزىدە ئىدى.

ئەمما قار تىنىپ، بوران توختىغىنىدا، پۈتۈن ياۋا ئۆچكىلەرنىڭ قېچىپ ئورمانغا كەتكىنىنى، ئىگىسىز قالغان ئۆي ئۆچكىلىرىنىڭ بولسا، ئاچلىقتىن تامامەن ئۆلگەنلىكىنى كۆردى.

**• يېڭى دوستلار ئۈچۈن كونا دوستلىرىنى پىدا قىلغانلار ئاخىرىدا ھەم يېڭى ھەم كونا دوستلىرىنى يوقىتىپ يالغۇز قالىدۇ.**

www.Mahinur.Com



## HALİNDEN ŞİKAYETÇİ EŞEK

Eşek, her önüne gelene, kendisinin çok çalıştırıldığından şikayet ediyordu. Nihayet Allah'a yalvarıp kendisine yeni bir efendi bulmasını istedi.

Duası mı kabul oldu ne, eski sahibi bir gün eşeği bir çömlekçiye sattı. Ama yeni efendisi eşeği önceki sahibinden daha fazla çalıştırıyordu. Bu efendisinden de şikayetçi olan eşek, bir süre sonra yeniden sahip değiştirdi. Dericinin eline geçti. Yeni efendisinin eski sahiplerinden daha acımasız olduğunu görünce, kendi kendine şöyle söylendi:

— Keşke ilk efendime razı olup şikayet etmeseymişim. Yeni sahibim beni çok çalıştırmakla kalmıyor, ben öldükten sonra bir de derimi yüzecek.

**• Bulunduğu halin şükredilecek taraflarını göremeyip şikayet edenler, kendilerini daha kötü durumlara müstehak ederler.**

## هالىدىن شىكايەتچى ئېشەك

ئېشەك ھەر ئالدىغا كەلگەنگە، ئۆزىنىڭ بەك ئىشلىتىلگەنلىكىدىن شىكايەت قىلاتتى. نىھايەت ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ئۆزىگە باشقا بىر ئىگە تېپىشنى ئىستىدى.

دۇئاسى قوبۇل بولدىمۇ نىمە، كونا ئىگىسى بىر كۈنى ئېشەكنى بىر كوزىچىغا ساتتى. ئەمما يېڭى ئىگىسى ئۇنى كونا ئىگىسىدىنمۇ بەك ئىشلىتەتتى. بۇ ئىگىسىدىنمۇ شىكايەتچى بولغان ئېشەك، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ئىگىسىنى ئالماشتۇردى. تېرىچىنىڭ قولىغا ئۆتتى. يېڭى ئىگىسىنىڭ كونا ئىگىلىرىدىن تېخىمۇ رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئېشەك ئۆز-ئۆزىگە دېدى:

- كاشكى تۇنجى ئىگەمگە رازى بولۇپ شىكايەت قىلمىغان بولسام بوپتىكەن. يېڭى ئىگەم مېنى جىق ئىشلىتىش بىلەن قالمايدۇ، ھەتتا مەن ئۆلگەندىن كېيىن تېرەمنى سويۋالىدۇ.

**. ھالىنىڭ شۈكرى قىلىنىدىغان تەرەپلىرىنى كۆرمەي شىكايەت قىلغانلار، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىدۇ.**



## ASLAN POSTU GİYEN EŞEK

Bir zamanlar, bir eşek, bir aslan postu bularak sırtına giydi.

Bu kılık değiştirmiş hali ile, önüne gelen hayvanları korkutmaya çalıştı. Ama bunda pek başarılı olamadı. Dış görünüşü aslana benzese de, yürürken çıkardığı ses, onun eşek olduğunu hemen belli ediyordu.

Bu sebeble tilki, onunla şu şekilde alay etmişti:

— Eğer diğer hayvanları gerçekten korkutmak istiyorsan, sadece postunu değiştirmek yetmez, anırmanı da değiştirmen, kükremeye çevirmen gerek.

**• Giyim, kuşam cahile bir itibar kazandırsa da, ağzını açar açmaz ne olduğunu ortaya koyar.**

## شىر پوستى كىيگەن ئېشەك

بىر زامانلار، بىر ئېشەك بىر شىر پوستى تېپىۋېلىپ، ئۇنى كىيىۋاپتۇ. بۇ ئۆزگەرتىلگەن قىياپىتى بىلەن ئالدىغا چىققان ھايۋانلارنى قورقۇتۇشقا ئۇرۇنۇپتۇ. ئەمما بۇ ئىش بەك غەلىبىلىك بولماپتۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشى شىرغا ئوخشىسىمۇ ماڭغاندا چىقارغان ئاۋاز ئۇنىڭ ئېشەك ئىكەنلىكىنى دەرھال ئاشكارىلايدىكەن.

بۇ سەۋەبتىن تۈلكە ئۇنى مۇنداق دەپ زاڭلىق قىپتۇ:

ـ ئەگەر باشقا ھايۋانلارنى راستىنلا قورقۇتماقچى بولساڭ، پەقەت پوستۇڭنى ئالماشتۇرۇش يەتمەس، ھاڭرىشىڭنىمۇ ھۆركىرەشكە ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك.

. كىيىم كېچەك نادانغا بىر ئېتىبار قازاندۇرسىمۇ، ئاغزىنى ئاچار ـ ئاچماس نىمە ئىكەنلىكىنى دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويىدۇ.



## KALİTE Mİ ÖNEMLİ, SAYI MI?

Hayvanlar, aralarında hangi hayvan daha çok sayıda yavru doğurduğu konusunu tartışıyorlardı.

Bazıları, sadece 2 yavru doğurduğunu söylerken, bazıları da kibirlenerek her sene bir düzine yavruları olduğunu ileri sürüyorlardı.

Nihayet, hayvanlardan bir heyet, dişi aslanı ziyaret etti. Ona:

— Bu yıl kaç yavru doğurdunuz? diye sordu.

Aslan, son derece ciddi bir ses tonuyla cevap verdi.

— Sadece bir tane. Ama benim yavrum aslan...

• **Kalite, her zaman sayıdan çok daha önemlidir.**

## سۈپەت مۇھىممۇ، سانمۇ؟

ھايۋانلار، ئارىلىرىدا قايسى ھايۋاننىڭ تېخىمۇ جىق بالا تۇغقانلىقى توغرىسىدا تارتىشىۋاتاتتى.

بەزىلىرى، پەقەت ئىككى بالا تۇغقانلىقىنى دەۋاتقاندا، بەزىلىرى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ھەر يىلى ئون ئىككى بالىسىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرەتتى.

نىھايەت، ھايۋانلاردىن بىر ھەيئەت، چىشى ئارسلاننى زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭغا:

ـ بۇ يىل قانچە بالا تۇغدىڭىز؟ ـ دەپ سورىدى.

ئارسلان ناھايىتى سالماقلىق بىلەن جاۋاپ بەردى.

ـ پەقەت بىر تال. ئەمما مېنىڭ بالام ئارسلان...

. سۈپەت ھەر زامان ساندىن تېخىمۇ مۇھىم.



## APTAL SİVRİSİNEK

Aptal bir sivrisinek, boğanın başı üstünde vızıltıyla uçup duruyordu. Sonunda hayvanın boynuzuna kondu.

— Affedersiniz boğa kardeş, dedi. Sizi rahatsız etmiyorum ya. Şayet size yük oluyorsam, söyleyin, hemen gideyim.

Boğa şu cevabı verdi:

— Rica ederim, hiç rahatınızı bozmayın. Çünkü sizin gitmenizle, boynuzuma konup kalmanızın bence hiçbir farkı yok.

Aslında, ben siz söylemeseydiniz boynuzuma konduğunuzun farkında bile değildim.

**• Küçük ve cahil bazı insanlar ne kadar aptal olduklarının farkına varamadıkları gibi, üstelik kibirli de olurlar.**

## ئەخمەق پاشا

ئەخمەق بىر پاشا، بۇقىنىڭ بېشى ئۈستىدە غىڭشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئاخىرى ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزىگە قوندى.

- كەچۈرۈڭ بۇقا قېرىنداش، - دېدى. سىزنى راھەتسىز قىلمايۋاتقاندىمەن. ئەگەر سىزگە يۈك بولغان بولسام، دەڭ، دەرھال كېتەي.

بۇقا مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:

- تۈزۈت قىلماڭ ۋە ھېچ راھىتىڭىزنى بۇزماڭ. چۈنكى سىزنىڭ كېتىشىڭىز بىلەن مۈڭگۈزۈمگە قونۇشىڭىزنىڭ مېنىڭچە ھېچبىر پەرقى يوق.

- ئەسلىدە سىز دېمىگەن بولسىڭىز سىزنىڭ مۈڭگۈزۈمگە قونغىنىڭىزنىمۇ ھېس قىلمايتتىم.

**. كىچىك ۋە نادان بەزى ئادەملەر نەقەدەر ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلالمىغاننىڭ ئۈستىگە تېخى ھاكاۋۇر بولىدۇ.**



## TAVUS KUŞU İLE TURNA

Tavus kuşu, havada uçan turna ile alay ediyordu.

— Ben, bir kral gibi, gökkuşağındaki bütün renklerle süslü kanatlara, tüylere sahibim.

Senin kanatlarında ise, kül renginden başka renkte tek bir tüy bile yok. Ne çirkin kuşsun sen böyle! diyordu.

Turna ise, tavus kuşuna şu cevabı veriyordu:

— Evet, benim kanatlarımda hiçbir renk yok. Ama ben bu renksiz kanatlarla gökyüzünde uçup yıldızlara seslenirken, sen yerde gübreliklerde dolaşıyorsun.

**• İnsan kendi meziyetleriyle gururlanırken, başkalarının üstün taraflarını görmezden gelme aptallığına düşmemeli.**

## توز بىلەن تۇرنا

توز ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان تۇرنىنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتى.

ـ مەن بىر شاھتەك، ھەسەن ـ ھۈسەندىكى پۈتۈن رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن قانات پەيلەرگە ئىگە.

سېنىڭ قاناتلىرىڭدا بولسا كۈل رەڭگىدىن باشقا رەڭدە بىر تالمۇ پەي يوق. نىمانچە سەت قۇش سەن بۇنداق، ـ دەيتتى.

تۇرنا بولسا توزغا شۇ جاۋابنى بېرىۋاتاتتى:

ـ ھەئە، مېنىڭ قانىتىمدا ھېچبىر رەڭ يوق. ئەمما مەن بۇ رەڭسىز قاناتلار بىلەن كۆكتە ئۇچۇپ يۇلتۇزلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، سەن يەردە قىغلارنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرسەن.

**. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىۋاتقاندا، باشقىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرمەسلىككە سېلىشتەك ئەخمەقلىكنى قىلماسلىقى كېرەك.**



## GİZLİ HAZİNE

İhtiyar bir köylü, ölüm döşeğindeydi. İki oğlunu yanına çağırarak:

— Evlatlarım, ben artık dünyadan ayrılmak üzereyim. Size bırakacağım tek şey, üzüm bahçemiz olacak. Ona iyi bakın, dedi.

Çocuklar babaları ölür ölmez bahçede gizli bir hazine bulunduğu zannıyla, her tarafını karış karış kazdılar, çapaladılar. Gerçi bahçede hazineye rastlayamadılar, ama toprağı iyi çapaladıkları için ertesi sene, o zamana kadar elde ettikleri ürünün iki katı ürün elde ettiler. Servetleri bir anda ikiye katlanmış oldu.

**• Çalışan insan başarı ve mutluluk hazinesini bulur.**

## مەخپى خەزىنە

يېزىلىق بىر بوۋاي ئۆلۈش ئالدىدا، ئىككى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

- بالىلىرىم مەن ئەمدى دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىلەرگە قالدۇرىدىغان بىردىنبىر نەرسەم ئۈزۈم بېغىمىزدىن ئىبارەت. ئۇنىڭغا ياخشى قاراڭلار، - دېدى.

بالىلار دادىسى ئۆلۈشى بىلەن تەڭلا، باغدا مەخپى بىر خەزىنە بار دەپ ئويلاپ، ھەممە يەرنى قازدى، چاپتى. ئەملىيەتتە باغدا خەزىنە ئۇچرىتالمىدى، ئەمما تۇپراقنى ئوبدان بوشاتقانلىقتىن، يەنە بىر يىلى ئۆتكەن يىللاردا ئالغان مەھسۇلاتنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى قولغا كەلتۈردى. ماللىرى بىر ئاندا ئىككىگە قاتلانغان بولدى.

. ئىشلىگەن ئادەم غەلبە ۋە خۇشاللىق خەزىنىسىنى تاپىدۇ.



## 100 KURNAZLIK BİLEN TİLKİ

Tilki ile kedi kendi aralarında konuşuyorlardı. Tilki:

— Ben çok kurnazlık biliyorum. Benim düşmanlarımdan kaçmamın en az yüz yolu vardır, dedi.

Kedi ise:

— Ben ise, düşmanlarımdan korunmak için sadece bir yol biliyorum, diye boyun büktü.

Tam o sırada uzaktan yaklaşan av köpeklerinin havlamaları işitildi. Kedi şimşek hızıyla en yakın ağaca tırmandı. Kurnaz tilkiye:

— Benim bildiğim tek kurnazlık buydu. Sen 100 kurnazlığından hangisini kullanacaksın bakalım.

Tilki, kurnazlıkları içinden hangisini uygulayacağına karar verene kadar av köpekleri gelmiş ve tilkiyi yakalayıp öldürmüşlerdi.

- **Uygulanabilen bir plan, uygulanması şüpheli 100 plandan iyidir.**

## 100 خل هيله بلىدىغان تۆلكه

تۆلكه بىلەن مۈشۈك ئۆز ئارىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى.

تۆلكه:

ـ مەن بەك جىق هيله بىلمەن. مېنىڭ دۈشمەنلىرىمدىن قېچىشىمنىڭ ئەڭ ئاز يۈز خىل يولى بار، ـ دېدى.

مۈشۈك بولسا:

ـ مەن بولسام دۈشمەنلىرىمدىن قوغدىنىش ئۈچۈن پەقەت بىرلا يول بىلىمەن، ـ دەپ بوينىنى پۈكتى.

دەل شۇ چاغدا ئۇزاقتىن يېقىنلىشىۋاتقان ئوۋ ئىتلىرىنىڭ هاۋشىشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مۈشۈك چاقماقتەك تېزلىك بىلەن ئەڭ يېقىن دەرەخكە ياماشتى. هيلىگەر تۆلكىگە:

ـ مېنىڭ بىلىدىغىنىم بىردىنبىر هيله بۇ ئىدى. سەن 100 خىل هيلەڭدىن قايسىسىنى ئىشلىتىسەن قېنى.

تۆلكه هيلىلىرىنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنى ئىشلىتىدىغىنىغا قارار قىلغۇچە، ئوۋ ئىتلىرى كېلىپ تۆلكىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن ئىدى.

- **دەرهال قىلغىلى بولىدىغان بىر پىلان، يولغا قويۇلۇشى شۈبهىلىك 100 پىلاندىن ياخشى.**



## BİRLİKTEN KUVVET DOĞAR

Köylünün birinin kendi aralarında devamlı kavga eden 3 oğlu vardı. Köylü, bir gün onları yanına çağırdı. Odanın ortasında iple bağlanmış bir demet sopa duruyordu.

Köylü oğullarının herbirinden bu sopa demetini kırmalarını istedi. Hiçbiri bunu başaramadı.

Yaşlı köylü demeti çözdü. Sopaları teker teker oğullarına uzattı. Çocuklar sopaları zorlanmadan çatır çatır kırdılar.

Yaşlı köylü bunun üzerine oğullarına şu nasihatı yaptı:

— Evlatlarım, birlik içinde olur, birbirinize kenetlenirseniz, sizi hiçbir düşmanınız yenemez, zarar veremez. Ama kendi aranızda kavga ederseniz, hasımlarınız sizi teker teker ortadan kaldırır.

• **Birlikten kuvvet doğar.**

## بىرلىكتىن قۇۋۋەت تۇغۇلۇر

يېزىدىكىلەردىن بىرىنىڭ ئۆز ئارا توختىماي جېدەل قىلىشىدىغان ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپتۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يىپ بىلەن باغلانغان بىر دەستە ياغاچ تۇراتتى.

بوۋاي ئوغۇللىرىدىن ھەر بىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇ بىر دەستە ياغاچنى سۇندۇرۇشنى ئىستەپتۇ. ھېچبىرى بۇنى قىلالماپتۇ.

بوۋاي دەستىنى يېشىپتۇ. ياغاچلارنى بىردىن بىردىن ئوغۇللىرىغا ئۇزىتىپتۇ. باللار ياغاچلارنى قىينالمايلا، قاراس ـ قۇرۇس سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

بوۋاي شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللىرىغا شۇنداق نەسىھەت قىپتۇ:

ـ بالىلىرىم، بىرلىك ئىچىدە بولۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن چىڭ باغلانساڭلار، سىلەرنى ھېچبىر دۈشمىنىڭلار يېڭەلمەيدۇ، زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەمما ئۆز ئاراڭلاردا جېدەل قىلىشساڭلار، رەقىپلىرىڭلار سىلەرنى بىردىن بىردىن يوق قىلىدۇ.

• **بىرلىكتىن قۇۋۋەت تۇغۇلۇر.**



## EN ÇOK ŞİKAYET EDENLER KİMLERDİR?

Bir çift öküz, toprak bir yolda tepesine kadar yüklü bir arabayı ağır ağır çekerek ilerliyordu.

Tekerler döndükçe, dingiller kulak tırmalayan bir ses çıkarıyordu.

Bu sesten rahatsız olan arabacı, arabaya dedi ki:

— Hey araba, yükü çeken öküzler hiç seslerini çıkarmazlarken, sen niye şikayet ediyorsun?

**• En çok şikayet edenler, en az iş yapanlardır.**

## ئەڭ جىق شكايەت قىلغانلار كىملەردۇر؟

بىر جۈپ ئۆكۈز، توپا يولـدا لـىق يـۈك بېسـىلغان بىـر هـارۋىنى تەستە تارتىپ ئىلگىرلەۋاتاتتى.

چاقلار چۆگىلىگەنچە قۇلاققا ياقمايدىغان بىر ئاۋاز چىقىرىۋاتاتتى.

بۇ ئاۋازدىن راھەتسىز بولغان هارۋىكەش هارۋىغا دېدىكى:

- هەي هـارۋا! يـۈكنى تارتىۋاتقـان ئۆكـۈزلەر هـىچ ئـاۋازىنى چىقارمايۋاتسا، سەن نىمەدىن شكايەت قىلىسەن؟

**. ئەڭ جىق شكايەت قىلغانلار ئەڭ ئاز ئىش قىلغانلاردۇر.**



## BEDEVİ İLE DEVESİ

Çölde bir bedevi, devesini yükledikten sonra, deve ile şaka yollu konuşmaya başladı:

— Ey deve! Hangi yolu tercih edersin?

Yokuş yukarı olanı mı? Yokuş aşağı olanı mı?

Deve, sahibi bedeviye şu cevabı verdi:

— Aman efendim, madem gideceğim yolu seçme hakkını bana verdiniz, düz yolun suyu mu çıktı?

**• Aşırılıklardan uzak durunuz. Ilımlı olunuz ve hayatta daima orta yolu tutunuz.**

## بەدەۋى بىلەن تۆگىسى

چۆلدە بىر بەدەۋى، تۆگىسىنى يۈكلىگەندىن كېيىن، تۆگە بىلەن چاقچاق يوللۇق پاراڭلىششقا باشلىدى:

- ئەي تۆگە! قايسى يولنى تاللايسەن؟ دۆڭگە چىقىدىغان يولنىمۇ؟ پەسكە چۈشىدىغان يولنىمۇ؟

تۆگە، ئىگىسى بەدەۋىگە شۇنداق جاۋاپ بەردى:

- ئامان ئەپەندىم، زادى يولنى تاللاش ھەققىنى ماڭا بەردىڭىز، تۈز يولنىڭ سۈيى چىقىپتىمۇ؟

**. ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئۇزاق تۇرۇڭ. مۆتىدىل بولۇڭ ۋە ھاياتتا دائىم ئوتتۇرا يولنى تۇتۇڭ.**



## SAYGI GÖREN EŞEK

Bir eşek, halkın hürmet ettiği bir dini sembolü  taşıyordu.

Eşeğin sırtındaki sembolü görenler, ayağa kalkıyorlardı.

Eşek ise, halkın bu saygıyı kendisine gösterdiğini sanarak gururlandı ve şımardı. Artık yürümek istemedi.

Eşeğin kibirlenerek durduğunu gören, sürücü, hayvanın sırtına bir kamçı indirdikten sonra ona şöyle bağırdı:

— Aptal hayvan! Sen insanların bir eşeğe tapacak kadar cahilleştiklerini mi sandın?

**• Arabanın gölgesinde yürüyen köpek, arabanın gölgesini kendi gölgesi sanırmış.**

## ھۆرمەت كۆرگەن ئېشەك

بىر ئېشەك، خەلق ھۆرمەت قىلىدىغان بىر دىنى سىمۋولنى توشۇيتتى.

ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدىكى سىمۋولنى كۆرگەنلەر، ئورنىدىن تۇراتتى.

ئېشەك بولسا خەلقنىڭ بۇ ھۆرمەتنى ئۆزىگە قىلىنغان دەپ ئويلاپ، مەغرۇرلاندى ۋە ھەددىدىن ئاشتى. ئارتۇق مېڭىشنى خالىمىدى.

ئېشەكنىڭ كىبىرلىنىپ توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن ئېشەكچى، ھايۋاننىڭ دۈمبىسىگە  بىر قامچا سالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق ۋاقىرىدى:

ـ ئەخمەق ھايۋان! سەن ئادەملەرنى بىر ئېشەككە چوقۇنغىدەك نادانلاشتى دەپ قالدىڭمۇ؟

**. ماشىنىنىڭ سايىسىدە مېڭىۋاتقان ئىت ماشىنىنىڭ سايىسىنى ئۆزىنىڭ سايىسى دەپ قارايمىش.**



## KUYRUKSUZ TİLKİ

Bir tilki, kapana kıstırdığı kuyruğunu kesmeden kapandan kurtulamaz. Kuyrukusz halinden çok utandığından bir süre arkadaşlarının yanına uğrayamaz.

Sonunda aklına bir fikir gelir. Bütün tilkileri bir toplantıya davet edip onları kuyruklarını kesmeye ikna etmeyi dener.

— Kuyruğun bize hiçbir faydası yok. Hem, sağa sola takılarak hızlı koşmamızı da engelliyor. Siz de benim gibi kuyruklarınızı kesin, bakın ne kadar memnun olacaksınız der.

Yaşlı ve kurnaz bir tilki, ayağa kalkarak kuyruksuz tilkiye cevap verir:

— Kuyruğunu kesmekle rahata kavuştuğuna inanıyoruz.

Bununla beraber, yeni bir kuyruğa sahip olman mümkün olsa idi, bizim kuyruklarımızı yine de kesmemizi isteyeceğinden emin değiliz.

**• Felakete uğramış biri, herkesin kendisi gibi olmasını ister.**

## قۇيرۇقسىز تۈلكە

بىر تۈلكە قاپقانقا قىستۇرۇۋالغان قۇيرۇقىنى كەسمەستىن، قاپقاندىن قۇتۇلالماپتۇ. قۇيرۇقسىز ھالىدىن ئىنتايىن خىجىل بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل دوستلىرىنىڭ يېنىغا بارالماپتۇ.

ئاخىرى ئەقلىگە بىر پىكىر كېلىپتۇ. پۈتۈن تۈلكىلەرنى بىر يىغىنغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى قۇيرۇقلىرىنى كېسىشكە قايىل قىلماقچى بوپتۇ.

- قۇيرۇقنىڭ بىزگە ھېچبىر پايدىسى يوق. ھەم ئوڭغا سولغا تاقىشىپ، تېز يۈگرىشىمىزگە پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ. سىلەرمۇ مەندەك قۇيرۇقلىرىڭلارنى كېسىڭلار، قاراڭلار قانچىلىك مەمنۇن بولىسىلەر، - دەپتۇ.

قېرى ۋە ھىيلىگەر بىر تۈلكە ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇيرۇقسىز تۈلكىگە جاۋاپ بېرىپتۇ:

- قۇيرۇقىڭنى كېسىپ راھەتكە ئېرىشكىنىڭگە ئىشىنىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى بىر قۇيرۇققا ئىگە بولۇشۇڭ مۇمكىن بولسا ئىدى، يەنىلا قۇيرۇقىمىزنى كېسىشىمىزنى ئىستەيدىغىنىڭغا ئىشەنمەيمىز.

**. پالاكەتكە ئۇچرىغان بىرى ھەركىمنىڭ ئۆزىدەك بولۇشىنى ئىستەيدۇ.**



## CİMRİNİN ALTINLARI

Cimri bir adam, malını mülkünü satıp hepsini altına çevirdi, bu altını da bahçesinin duvarı dibinde bir çukura gömdü. Her sabah, erkenden çukuru açıyor, altınlarını hayran hayran seyredip çukuru tekrar kapatıyordu.

Cimrinin bu garip hareketleri, hırsızların dikkatini çekti. Bir sabah cimriyi gözlediler. Altınların varlığını öğrenince, derhal hepsini çaldılar.

Cimri adam, çukuru tekrar açtığında, altınların yerinde yeller estiğini gördü. Altınların çalındığını anlayınca ağlıyarak dövünmeye başladı. Durumu öğrenen komşularından biri, cimriye dedi ki:

— Yerden bir taş al, altın diye onu bu çukura koy. Sen kullanmayı düşünmedikten sonra, ha altın gömmüşsün toprağa, ha taş. Ne farkeder?

**• Hayra harcanmayan paranın varlığı ile yokluğu arasında fark yoktur.**

## قىزغانچۇقنىڭ ئالتۇنلىرى

قىزغانچۇق بىر ئادەم مال-مۈلكىنى سېتىپ ھەممىسىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇردى، بۇ ئالتۇننىمۇ باغچىسىنىڭ تېمىنىڭ يېنىغا بىر ئورەك كولاپ كۆمدى. ھەر ساباھ (سەھەر)، بالدۇر ئورەكنى ئېچىپ، ئالتۇنلىرىغا ھەيران قارىۋېتىپ، ئورەكنى قايتا ئېتىۋېتەتتى.

قىزغانچۇقنىڭ بۇ غەلىتە ھەرىكەتلىرى، ئوغرىلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بىر كۈنى سەھەردە، قىزغانچۇقنى كۈزەتتى. ئالتۇنلارنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ھەممىسىنى ئوغرىلاپ كەتتى.

قىزغانچۇق ئادەم قۇدۇقنى قايتا ئاچقاندا، ئالتۇننىڭ ئورنىدا شامال ئۇچۇپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئالتۇنلارنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى چۈشىنىپ يىغلاپ ئۆز-ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەھۋالنى بىلگەن خوشنىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا دېدىكى:

- يەردىن بىر تاش ئال، ئالتۇن دەپ ئۇنى بۇ ئورەككە قوي. سەن ئىشلىتىشنى ئويلىمىغاندىن كېيىن، يا ئالتۇن كۆمۈپسەن تۇپراققا، يا تاش. نىمە پەرقى؟

**• خەيرگە ئىشلەتمىگەن پۇلنىڭ بارلىقى بىلەن يوقلۇقى ئارىسىدا پەرق يوق.**



## HAİN BILDIRCIN

Bir avcı, kurduğu kapana, bir bıldırcının yakalandığını gördü. Onu öldüreceği sırada, bıldırcın yalvardı:

— Ne olur, beni öldürmeyin, serbest bırakın. Eğer beni serbest bırakırsanız, başka bıldırcınları ağınıza çekmeye çalışacağıma söz veriyorum.

Avcı, güldü.

— Hayır, seni serbest bırakamam, dedi. Çünkü, kendi canını kurtarmak için, arkadaşlarını ölüme göndermekten çekinmeyen bir kuşa verilecek en uygun ceza, ancak ölüm cezası olabilir.

**• Niyeti kötülük olanın, akıbeti hayır olmaz.**

## خائىن بۆدۈنە

بىر ئوۋچى، قۇرغان قاپقانغا، بىر بۆدۈنە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان چاغدا بۆدۈنە يالۋۇرۇپتۇ:

- نېمە بولىدۇ، مېنى ئۆلتۈرمەڭ، قويۇپ بېرىڭ. مېنى ئەركىن قويۇپ بەرسىڭىز باشقا بۆدۈنىلەرنى تورىڭىزغا تارتىشقا تىرىشىمەن، ۋەدە بېرىمەن.

ئوۋچى كۈلدى.

- ياق سېنى ئەركىن قويۇپ بېرەلمەيمەن. - دېدى. - چۈنكى ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دوستلىرىنى ئۆلۈمگە يوللاشتىن چېكىنمىگەن بىر قۇشقا بېرىلىدىغان ئەڭ لايىق جازا، پەقەت ئۆلۈم جازاسى بولىدۇ.

. نىيىتى يامانىنىڭ، قازىنى تۆشۈك.



## KURBAĞANIN BÜYÜKLÜK İDDİASI

Kurbağa yavruları, ilk defa gördükleri öküzden çok korkmuşlar, babalarına gelip onun büyüklüğünü anlatmaya başlamışlardı. Baba kurbağa:

— O sadece bir öküz. Sandığınız kadar da büyük değil. Ben istesem onun kadar büyük olabilirim, dedi.

Ve kendi kendini şişirmeye başladı.

— Bu kadar mı büyüktü? diye sordu. Yavrular, hep bir ağızdan:

— Hayır baba, daha büyüktü, dediler.

Baba kurbağa kendini daha çok şişirdi. Yavrular, "hayır daha büyüktü" dediler. Baba kurbağa, yavruları yanında küçük düşmeyi gururuna yediremedi. Son bir hamle daha yaptı. Kendini öylesine şişirdi ki sonunda patlıyarak öldü.

**• Taklidle ve iddia ile büyüklük elde edilemez. Kibir insanın başına olmadık felaketler getirebilir.**

## پاقىنىڭ بۈيۈكلۈك داۋاسى

پاقىنىڭ باللىرى، تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئۆكۈزدىن بەك قورقۇپتۇ، دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ئاڭلىتىشقا باشلىدى. دادا پاقا:

ـ ئۇ پەقەتلا بىر ئۆكۈز. ئويلىغىنىڭلاردەك ئۇنچە چوڭ ئەمەس. مەن خالىسام ئۇنىڭدەك چوڭ بولالايمەن، ـ دېدى ۋە ئۆزىنى كۆپتۈرۈشكە باشلىدى.

ـ مۇشۇنچىلىك چوڭمىدى؟ ـ دەپ سورىدى. باللار ھەممىسى تەڭلا:

ـ ياق، دادا تېخىمۇ چوڭتى، ـ دېيىشتى.

دادا پاقا ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ كۆپتۈردى. باللىرى:

ـ ياق، تېخىمۇ چوڭتى، ـ دېيىشتى.

دادا پاقا ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭ كۆپتۈردى. باللىرى، تېخىمۇ چوڭتى، دېيىشتى. دادا پاقا باللىرىنىڭ ئالدىدا كەمسىنىپ قېلىشقا چىدىيالمىدى. ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر كۆچىدى. ئۆزىنى شۇنچىلىك كۆپتۈردىكى، ئاخىرى پارتلاپ ئۆلدى.

**. تەقلىد ۋە قۇرۇق گەپ بىلەن بۈيۈكلۈك قولغا كەلمەيدۇ. كىبىر ئىنساننىڭ بېشىغا ئويلىمىغان پالاكەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.**



## ASLANLA AYI BOĞUŞUNCA KAZANAN TİLKİ OLUR

Bir arslanla bir ayı birlikte bir geyik ölüsü buldular. Aralarında geyikten ilk parçayı ben alacağım, sen alacaksın kavgasına tutuşarak şiddetli bir boğuşmaya girdiler.

İkisi de çok güçlü olan aslan ile ayının kavgaları çok uzun sürdü. Bir türlü yenişemediler. Sonunda hiçbirinin ayağa kalkacak gücü kalmadı, bitkin halde otlar üzerine serildiler.

Onları bitkin halde gören tilki, korkusuzca geyiğe yaklaştı. Onların şaşkın bakışları altında geyiği dişledi ve sürükleyerek kendi inine götürdü.

**• İki yiğit kişinin birbirleri ile aptalca boğuşması, ancak arsızın ekmeğine yağ sürer.**

## شىر بىلەن ئېيىق ئۇرۇشسا قازانغان تۈلكە بولىدۇ

بىر شىر بىلەن بىر ئېيىق بىرلىكتە بىر كىيىك ئۆلۈكىنى تېپىۋاپتۇ. ئارىلىرىدا كىيىكتىن تۇنجى پارچىنى مەن ئالىمەن، سەن ئالىسەن دەپ جېدەلگە كىرىشىپ، قاتتىق بوغۇشۇپ كېتىپتۇ.

ئىككىلىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئارسلان بىلەن ئېيىقنىڭ جېدىلى ئۇزۇن سوزۇپتۇ. قانچە قىلىپمۇ بىر-بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. ئاخىرى ئىككىلىسىنىڭ ئورنىدىن تۇرغىدەك ھالى قالماپتۇ. ھالسىز ئوتلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپتۇ.

ئۇلارنى ھالسىز ھالەتتە كۆرگەن تۈلكە، قورقماستىن كىيىكنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەنسىز قاراشلىرى ئاستىدا كىيىكنى چىشلەپ، سۆرىگەن پېتى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

**. ئىككى يىگىتنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئەخمەقلەرچە بوغۇشىشى، پەقەت يۈزسىزنىڭ نېنىغا ياغ سۈرىدۇ.**



## AÇ GÖZLÜ ÇOCUK

Küçük çocuk şeker dolu bir kavanoza elini daldırmış, şeker almak istemişti. Ama aza kanaat etmediğinden elini şekerle doldurmuş, kavanozun dar ağzından şişkin avuçlarını çıkaramamıştı.

Avucundaki şekerleri kaybetmek istemeyen, ama elini de kavanozdan çıkaramayan açgözlü çocuk, ne yapacağını bilemez halde ağlarken, az ötede kendini seyreden yaşlı bir adam ona seslendi:

— Oğlum, elindeki şekerlerin yarısını kavanozda bırak, bak o zaman elini nasıl kolayca çıkaracaksın.

• **Aza kanaat etmeyen hiçbir zaman çoğu bulamaz.**

## ئاچ كۆز بالا

كىچىك بىر بالا كەمپۈت توشقۇزۇلغان بىر قۇتىغا قولىنى تىقىپ، كەمپۈت ئالماقچى بوپتۇ. ئەمما ئازغا قانائەت قىلمىغىنى ئۈچۈن قولىغا لىق كەمپۈت ئېلىپ، قۇتىنىڭ تار ئاغزىدىن قوللىرىنى چىقىرالماپتۇ.

قولىدىكى كەمپۈتتىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغان، ئەمما قولىنىمۇ قۇتىدىن چىقىرالمىغان ئاچ كۆز بالا نېمە قىلىشىنى بىلمەي يىغلاۋاتسا، سەل نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان مويسىپىت بىر ئادەم ئۇنىڭغا دەپتۇ:

- ئوغلۇم، قولۇڭدىكى كەمپۈتنىڭ يېرىمىنى قۇتىغا تاشلا، قارا، ئۇ چاغدا قولۇڭنى قانداق ئاسان چىقىرىسەن.

. **ئازغا قانائەت قىلمىغان ھېچبىر زامان جىقنى تاپالمايدۇ.**

www.Mahinur.Com



## AŞAĞILARIN SEVİYESİNE İNMEYİN!

Başı kabak olan bir adam, yaz sıcağında yorulmuş, yol kenarında dinlenmeye çekilmişti.

O sırada bir sinek gelmiş, ara sıra, adamın saçsız başına konup onu rahatsız ediyordu.

Adam, elini bütün hızıyla çıplak başına konmuş olan sineğe vurdu. Ama sinek usta bir manevra ile kaçmış, adamın eli de kabak kafasını fena halde acıtmıştı.

Sinek, tekrar rahatsız etmeye başlayınca, kabak kafalı adam, hiç oralı olmadan sineğe şöyle dedi:

— Senin seviyene ineceğimi sanıyorsan yanılıyorsun.

• **Çirkefe taş atma, üzerine sıçrar.**

## پەسكەشلەر بىلەن تەڭ بولماڭ!

بېشى تاز بىر ئادەم يازنىڭ ئىسسىقىدا ھېرىپ كېتىپ يولنىڭ چېتىدە ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغان ئىدى.

شۇ چاغدا بىر چىۋىن كېلىپ، پات-پات ئادەمنىڭ چاچسىز بېشىغا قونۇپ ئادەمنى راھەتسىز قىلىۋاتاتتى.

ئادەم قولىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېشىغا قونۇۋالغان چىۋىنغا ئۇردى. ئەمما چىۋىن ناھايىتى چاققانلىق بىلەن قېچىپ، ئادەمنىڭ قولى تاز بېشىنى ناھايىتى بەك ئاغرىتىۋەتكەن ئىدى.

چىۋىن تەكرار راھەتسىز قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بېشى تاز ئادەم چىۋىنغا ھېچ پەرۋا قىلماستىن مۇنداق دىدى:

- سېنىڭ سەۋىيەڭگە چۈشىدىغىنىمنى ئويلىغان بولساڭ يېڭىلىۋاتىسەن.

**. يۇندىغا تاش ئاتما، ئۈستۈڭگە چاچرايدۇ.**



## YAZIN ŞARKI SÖYLEYEN KIŞIN OYNAR

Soğukça bir sonbahar günü karınca, yazın topladığı yiyecekleri bir kenara yığmakla meşguldü.

Açlıktan ölmek derecesine gelen çekirge, karıncadan yalvararak biraz yiyecek istedi.

Karınca, ona, bütün yaz boyu ne yaptığını sordu.

Çekirge, tenbel tenbel dolaştığını, otlar arasında ıslık çalıp şarkı söylediğini anlattı.

Karınca, acı acı gülümsedi.

— Bütün yaz boyu şarkı söylediğine göre, şimdi de kış boyu oyna bakalım, dedi.

**• İnsan yazdan kışa hazırlıklı olmalı. Yarının ihtiyaçlarını bugünden karşılamaya çalışmalı.**

## يازدا ناخشا ئېيتقان قىشتا ئۇسسۇل ئوينايدۇ

سوغۇق بىر كەچكۈز كۈنى، چۈمۈلە يازدا توپلىغان يېمەكلىكلەرنى بىر بۇلۇڭغا يىغىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان چېكەتكە چۈمۈلىدىن يالۋۇرۇپ ئازراق يېمەكلىك ئىستىدى.

چۈمۈلە، ئۇنىڭدىن پۈتۈن ياز بويى نېمە ئىش قىلغىنىنى سورىدى.

چېكەتكە لاغايلاپ يۈرگىنىنى، ئوتلار ئارىسىدا ئىسقىرتىپ ناخشا ئېيتقىنىنى ئاڭلاتتى.

چۈمۈلە ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

- پۈتۈن ياز بويى ناخشا ئېيتقاندىن كېيىن، قىش بويى ئۇسسۇل ئوينا ئەمدى، دېدى.

**. ئىنسان يازدا قىشقا تەييار بولۇشى كېرەك. ئەتىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى بۈگۈندىن باشلاپ، ھازىرلاشقا تىرىشىشى كېرەك.**



## GÖRÜNTÜYE ALDANMAYIN

Bir zamanlar, kötü huylu bir seyis vardı. Atın yiyeceğinden çalar ve efendisinden habersiz kasabada satardı. Öte yandan da, sahibine iyi görünsün diye, neredeyse açlıktan ölecek dereceye getirdiği zavallı hayvanı, her gün yıkar, kaşağılardı.

At nihayet dayanamayıp seyisine dedi ki:

— Eğer gerçekten benim iyi görünmemi istiyorsan, kaşağıyı daha az kullan, ama arpayı biraz daha fazla ver.

**• İnsanlar hakkında dış görünüşe bakıp hüküm vermeyin. Araştırıcı olun. Nice kötü ruhlu insan, yüzünüze gülebilir, iyi iş yapıyor izlenimini verecek göz boyayıcı işler yapabilir.**

## كۆرۈنۈشكە ئالدانماڭ

بىر زامانلار، ئەسكى خۇيلۇق بىر ئاتباقار بار ئىدى. ئاتنىڭ يېمىدىن ئوغرىلاپ ئىگىسىدىن خەۋەرسىز بازاردا ساتاتتى. يەنە بىر ياندىن، ئىگىسىگە ياخشى كۆرۈنسۇن دەپ ئاچلىقتىن ئۆلەي دېگەن ئاتنى كۈندە يۇيۇپ تارايتتى.

ئات ئاخىرى چىدىيالماي ئات باقارغا دېدىكى:

- ئەگەر راستىنلا مېنىڭ ياخشى كۆرۈنۈشۈمنى خالىساڭ قاشلىغۇچنى ئاز ئىشلەت، ئەمما ئارپىنى جىقراق بەر.

. ئىنسانلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە قاراپ باھا بەرمەڭ. كۆزىتىڭ. بەزى يامان نىيەتلىك ئىنسانلار ئالدىڭىزدا كۈلۈپ تۇرۇپ، ياخشى ئىش قىلغاندەك قىياپەتتە كۆرۈنۈپ كۆز بويامچىلىق قىلىشى مۇمكىن.



## YARIŞÇI OLMAYA ÖZENEN KATIR

Katır, kırlarda dilediği gibi otluyor, kimse ona karışmıyordu.

Bir gün kendi kendine:

— Annem çok ünlü bir yarış atı idi. Eminim, ben de onun gibi hızlı koşabilirim, dedi. Ve hızlı adımlarla ahıra doğru koşmaya başladı.

Bunu gören, çiftliğin sahibinin bir gün acele işi çıktı. Hemen katırın sırtına atladı ve onu daha hızlı koşturmak için, yol boyunca da devamlı kamçıladı.

Katır, hem nefes nefese koşuyor, hem de şöyle söyleniyordu.

— Yarışçı olmaya özenmek senin neyine. Annen, belki iyi cins bir yarış atı idi, ama baban sadece bir eşekti.

**• Özenti ile asalet elde edilemez.**

## مۇسابىقچى بولۇشنى ئىستىگەن قېچىر

قېچىر قىرلاردا خالىغىنىچە ئوتلايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئارىلاشمايتتى.

بىر كۈنى ئۆز - ئۆزىگە:

- ئانام ناھايىتى داڭلىق بىر مۇسابىقە ئېتى ئىدى. چوقۇم مەنمۇ ئۇنىڭدەك ئىتتىك چاپالايمەن، - دېدى. ۋە چاپقۇر قەدەملەر بىلەن ئېغىلغا قاراپ چېپىشقا باشلىدى.

بۇنى كۆرگەن دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنىنىڭ بىر كۈنى مۇھىم بىر ئىشى چىقتى. دەرھال قېچىرنىڭ ئۈستىگە مىندى ۋە ئۇنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن يول بويى قامچىلىدى.

قېچىر ھەم ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يۈگۈرەيتتى ھەم مۇنداق دەۋاتاتتى:

- مۇسابىقچى بولۇشقا ھەۋەس قىلىشنى ساڭا كىم قويۇپتۇ. ئاناڭ بەلكى نەسىللىك داڭلىق بىر مۇسابىقە ئېتى ئىدى، ئەمما داداڭ پەقەتلا بىر ئېشەكتى.

. ھەۋەس بىلەن نەسىللىك بولغىلى بولمايدۇ.



## HER DUYDUĞUNA İNANMA

Anne, kucağında ağlıyan çocuğa kızmaya başlamıştı.

— Eğer ağlamaya devam edersen, seni kurda atacağım, dedi.

Pencerenin altından geçmekte olan bir kurt bu sözleri duydu. Beklemeye başladı.

Az sonra çocuk susup uyudu. Ama kurt, tekrar ağlar umuduyla bütün gece pencere altında aç halde bekledi.

Sabaha karşı, çocuk tekrar ağlamaya başlayınca, gözleri parladı. Anne, kucağında çocukla pencereye doğru geliyordu. Kurt ağzı sulanmış halde beklerken, anne pencere dibindeki kurdu görünce bütün hızı ile perdeleri çekti. Evin köpeklerini de kurdun peşine saldı.

Kurt, bir yandan kaçarken, bir yandan da kendi kendine söyleniyordu:

— Artık her işittiğime inanmıyacağım.

• **Kişi her duyduğuna inanmamalı. Boş hayal ve emellere kendini kaptırmamalı.**

## ھەر ئاڭلىغىنىڭغا ئىشەنمە

ئانا، قۇچىقىدىكى يىغلاۋاتقان بالىغا ئاچچىقلاشقا باشلىدى.

- ئەگەر يىغلاۋەرسەڭ سېنى بۆرىگە تاشلاپ بېرىمەن، - دېدى.

پەنجىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بۆرە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ساقلاشقا باشلىدى.

بىردەمدىن كېيىن بالا جىمىپ ئۇخلىدى. ئەمما بۆرە، يەنە يىغلاپ قالار، دېگەن ئۈمىتتە پۈتۈن كېچە پەنجىرە ئاستىدا ئاچ كۈتتى.

تاڭغا يېقىن، بالا قايتا يىغلاشقا باشلىغاندا كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئانا قۇچىقىدا بالا بىلەن پەنجىرىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۆرە ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ساقلاۋاتقاندا، ئانا پەنجىرە ئاستىدىكى بۆرىنى كۆرۈپ ناھايىتى تېزلىكتە پەردىلەرنى تارتتى. ئۆيىنىڭ ئىتلىرىنىمۇ بۆرىنىڭ پېشىگە سالدى.

بۆرە بىر ياندىن قېچىپ، بىر ياندىن ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دەۋاتاتتى:

- ئەمدى ھەر ئاڭلىسىمغا ئىشەنمەيمەن.

. **كىشى ھەر ئاڭلىغىنىغا ئىشەنمەسلىكى كېرەك. خام خىيال ۋە ئەمەللەرگە ئۆزىنى بەرمەسلىكى كېرەك.**



## KURDUN NEZAKETİ

Bir kurt, sarp bir kaya kenarında otlayan bir keçi gördü. Hemen kaya dibine gitti, nazik bir sesle:

— Merhaba arkadaş! Başının dönmesinden ve aşağı yuvarlanmaktan korkmuyor musun? dedi. Keçide cevap yok.

— Orası rüzgarlı değil mi? Fırtına çıksa, sığınacak bir yerin bile yok.

Keçide yine cevap yok.

— Hem bu aşağıdaki otlar, yukarıdaki otlardan daha lezzetli, daha bol...

Keçi nihayet konuştu:

— Kurt arkadaş! Sizi böylesine nazik yapan konunun; benim yediklerimden ziyade, sizin yemek istediğiniz şey olduğundan eminim. Boşuna dil döküp yorulma.

**• Yüze gülen, tatlı söz söyleyen herkesi dost sanma.**

## بۆرىنىڭ نازاكىتى

بىركۈنى بىر بۆرە تىك بىر قىيادا ئوتلاۋاتقان بىر ئۆچكە كۆردى. دەرھال قىيانىڭ تىگىگە كەلدى نازۇك بىر ئاۋاز بىلەن:

- مەرھابا بۇرادەر! بېشىڭنىڭ قېيىپ يىقىلىپ كېتىشتىن قورقمامسەن؟ ئۆچكىدىن جاۋاپ يوق.

- ئۇ يەر بەك شامالliq ئەمەسمۇ؟ بوران چىقسا، دالدا بولغۇدەك يېرىڭمۇ يوق.

ئۆچكىدىن يەنە جاۋاپ يوق.

- ھەم بۇ پەستىكى ئوتلار، يۇقىرىدىكى ئوتلاردىن تېخىمۇ لەززەتلىك، تېخىمۇ مول...

ئۆچكە ئاخىرى گەپ قىلدى:

- بۆرە بۇرادەر! سىزنى مۇشۇنداق نازۇك قىلغان مېنىڭ يەيدىغىنىمدىن زىيادە، سىزنىڭ يىمەكچى بولغىنىڭىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. بىكارغا گەپ سېتىپ ئاۋارە بولماڭ.

**. ئالدىڭدا كۈلۈپ، ياخشى گەپ قىلغان ھەركىمنى دوست دىمە.**



## KİM DAHA GÜÇLÜ?

Bir adam ile bir arslan, bir zamanlar dost olmuşlardı.

Sohbet, insanın mı, yoksa aslanın mı daha güçlü olduğu konusuna gelince, aralarında bir tartışma başladı.

O sırada, bir insanın bir aslanı nasıl öldürdüğünü gösteren bir heykelin yanından geçiyorlardı.

Adam heykeli göstererek, “insanın aslandan güçlü olduğunu bundan daha iyi ne anlatır?” dedi. Aslan:

— Bu bir şeyi isbat etmez, cevabını verdi. Sadece heykeltraşın insan olduğunu gösterir. Eğer heykeltraşlar aslanlardan olsaydı, görünen manzara herhalde bunun tersi olurdu.

**• Olayları değerlendirmede, insanın duyguları ve çıkarları ön planda gelir. Hayatın akışında propagandanın önemlibir rolü vardır.**

## كىم تېخمۇ كۈچلۈك؟

بىر ئادەم بىلەن بىر شىر، بىر زامانلار دوست بولغان ئىدى.

سۆھبەت، ئىنسان كۈچلۈكمۇ ياكى شىرمۇ، تېمىسىغا كەلگەندە ئارىلىرىدا بىر مۇنازىرە باشلاندى.

شۇ چاغدا، بىر ئادەمنىڭ بىر شىرنى قانداق ئۆلتۈرگىنىنى كۆرسەتكەن بىر ھەيكەلنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئادەم ھەيكەلنى كۆرسىتىپ «ئىنساننىڭ شىردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن ياخشى ئىسپاتلايدىغان نەرسە بارمۇ؟» دېدى. شىر:

- بۇ بىر نەرسىنى ئىسپاتلىمايدۇ، - دەپ جاۋاپ بەردى. پەقەت ھەيكەلتىراشنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھەيكەلتىراش شىر بولسا ئىدى، كۆرۈنگەن مەنزىرە ھەر ھالدا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولاتتى.

. ھادىسىلەرگە باھا بېرىشتە، ئىنساننىڭ تۇيغۇ ۋە كۆز قاراشلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھاياتنىڭ ئېقىشىدا تەشۋىقاتنىڭ مۇھىم بىر رولى بار.



## AÇGÖZLÜ KÖPEK

Bir köpek, ağzındaki et parçasıyla, berrak bir çay üzerine kurulmuş bir köprüden geçmek zorunda kalmıştı. Suya baktığı sırada, orada kendi yansımasını gördü.

Sudaki yansımayı, ağzında et bulunan başka bir köpek sandı.

Onun ağzındaki eti de kapmak istedi. Derhal hırladı ve eti almak için, sudaki gölgeye ayağını uzattı.

Bu sırada ağzını da açmış olan açgözlü köpek, başkasının ağzındaki eti almak isterken, kendi ağzındaki eti suya düşürdü.

**• Dimyata pirince giden tamahkar insan, kendi evindeki bulgurdan da olur.**

## ئاچكۆز ئىت

بىر ئىت ئاغزىدا بىر گۆش پارچىسىنى چىشلىگەن ھالدا، سۈزۈك بىر ئېقىننىڭ ئۈستىگە ياسالغان بىر كۆرۈكتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. سۇغا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆردى.

سۇدىكى ئەكسىنى ئاغزىدا گۆش بار باشقا ئىت، دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گۆشىنىمۇ ئالماقچى بولدى. دەرھال خىرىلدىدى ۋە گۆشنى ئالماقچى بولۇپ، سۇدىكى شولىغا پۇتىنى ئۇزاتتى.

بۇ چاغدا ئاغزىنى تەڭلا ئاچقان ئاچكۆز ئىت، باشقىسىنىڭ ئاغزىدىكى گۆشنى ئالماقچى بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئاغزىدىكى گۆشنى سۇغا چۈشۈرۈۋەتتى.

**. دىمىيات (مىسىردىكى بىر پورت) قا گۈرۈچ ئالغىلى كەتكەن تاماخور ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى بۇلغۇردىنمۇ (ئاقلانغان بۇغداي) قۇرۇق قالىدۇ.**



## SEVİYE YÜKSELİRSE KAVGAYA GEREK YOK

İki arı boşlukta uçarlarken karşı karşıya gelmiş, burun buruna vuruşmaya başlamışlar. Her biri diğerine çıkışıyormuş:

— Önümden çekil, hedefime engel olma! Ben yoluma gideceğim.

Ama ikisi de aynı hizada kaldıklarından vuruşma sürüyormuş. Oradan geçmekte olan arıbeyi demiş ki:

— Biriniz seviyenizi birazcık yükseltseniz önünüzün bomboş olduğunu görecek, hemen hedefinize uçmaya devam edeceksiniz. Ne var ki inatlaşmışsınız; ikiniz de aynı seviyede duruyor, biriniz seviyesini yükseltmiyor.

**• Kavgaların temelinde, inatlaşma ve kutuplama, kısacası seviyesizlik yatar. Seviyeli insanlar, kavgaya gerek duymazlar.**

## سەۋىيە يۇقىرىلىسا جېدەلگە كېرەك يوق

ئىككى ھەرە بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقاندا بىر-بىرىگە ئۇدۇل كېلىپ قاپتۇ ۋە بۇرۇن سوقۇشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىر-بىرى بىلەن بەس تالىشىپتۇ:

- ئالدىمدىن كەت، نىشانىمغا توسقۇنلۇق قىلما! مەن يولۇمغا ماڭىمەن.

ئەمما ئىككىلىسى ئوخشاش تەكشىلىكتە بولغاچقا ئۇرۇشۇش داۋاملىشىپتۇ. ئۇيەردىن ئۆتۈۋاتقان ھەرە بېگى دەپتۇكى:

- بىرىڭلار ئورنۇڭلارنى ئازراق يۇقىرىلاتساڭلار، ئالدىڭلارنىڭ بوش قالغىنىنى كۆرىسىلەر، دەرھال نىشانىڭلارغا قاراپ ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرىسىلەر. نىمىشقىكىن، جاھىللىقىڭلار تۇتۇپتۇ؛ ئىككىلىڭلار ئوخشاش ئېگىزلىكتە تۇرۇپ، ھېچ بىرىڭلار ئورنىڭلارنى يۇقىرىلاتمايۋاتىسىلەر.

. جېدەللەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، خۇيلىنىش ۋە قارشىلىشىش، قىسقىسى سەۋىيەسىزلىك بولىدۇ. سەۋىيەلىك ئادەملەر جېدەلنى كېرەك كۆرمەيدۇ.



## ARKADAŞ KURBANI

Bir köylü, tarlasındaki mısır tohumlarını yiyen turnalardan bıkmış, onlara bir tuzak kurmuştu.

Ertesi gün, tuzağı kontrol ettiğinde, ağa yakalanan turnalar arasında bir de leylek buldu. Leylek köylüye yalvarıyordu:

— Ne olur bana dokunma! Sizin mısır tohumlarınızı yiyen ben değilim. Ben iyi bir kuşum.

Köylü leyleğin sözünü keserek şöyle dedi:

— Söylediklerin doğru olabilir. Ama ne var ki, seni mısırlarımı yiyen kuşlarla beraber yakaladım.

Bu yüzden arkadaşlık ettiğin kuşlarla beraber, suç ortağı olarak, sen de aynı cezaya çarptırılacaksın.

**• Kişi, dostunu, arkadaşını iyi seçmelidir. Çünkü insan, sevdiğiyle beraber sayılır.**

## دوستلۇق قۇربانى

بىر يېزىلىق كىشى، ئېتىزىدىكى قوناق ئۇرۇقلىرىنى يېگەن تۇرنىلاردىن زېرىكىپ ئۇلارغا بىر تۇزاق قۇرۇپتۇ.

ئەتىسى تۇزاقنى تەكشۈرگەندە، توردىكى تۇرنىلارنىڭ ئارىسىدا بىر لەيلەك كۆرۈپتۇ. لەيلەك يېزىلىققا يالۋۇرۇپتۇ:

ـ نىمە بولدۇ، ماڭا چېقىلما! سىزنىڭ قوناق ئۇرۇقلىرىڭىزنى يېگەن مەن ئەمەس، مەن ياخشى بىر قۇش.

يېزىلىق لەيلەكنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

ـ دېگەنلىرىڭ توغرا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما نىمىلا بولمىسۇن، مەن سېنى ئۇرۇقلىرىمنى يېگەن قۇشلار بىلەن بىللە تۇتۇۋالدىم.

بۇ سەۋەپتىن سەنمۇ ئاغىنىدارچىلىق قىلغان قۇشلار بىلەن بىللە، جىنايەت شېرىكى بولۇپ، ئوخشاش جازاغا مەھكۇم قىلىنىسەن.

. ئادەم دوستىنى ياخشى تاللىشى كېرەك. چۈنكى ئادەم يېقىنلىرى بىلەن ئوخشاش دەپ قارىلىدۇ.



## KÜSTAH KEÇİ

Boğa, aslandan kaçarken, önüne çıkan bir mağaraya sığınır. Burası, bir dağ keçisinin yuvasıdır. Davetsiz misafire kızan keçi, aslanın elinden kurtulmaktan başka bir şey düşünemeyen boğayı boynuzları ile rahatsız etmeye başlar.

Boğanın nihayet sabrı tükenir. Keçiye dönüp şunları söyler:

— Senin böyle davranmana göz yumduğum için, beni korkut-tuğunu sanma. Ardımdaki şu aslanı bir savuşturayım, o zaman sa-na kim olduğumu gösteririm.

**• Komşularının içine düştüğü zorlukları fırsat bilip küstahlığa kalkışanlar, bedelini bir gün pahalıya ödeyebile-ceklerini unutmasınlar.**

## جېدەلخور ئۆچكە

بۇقا شىردىن قېچىۋاتقاندا، ئالدىغا ئۇچرىغان بىر غارغا مۆكۈۋاپتۇ. بۇ يەر بىر تاغ ئۆچكىسىنىڭ ئۆيى ئىكەن. چاقىرىلمىغان بۇ مېھمانغا ئاچچىقى كەلگەن ئۆچكە، شىردىن قۇتۇلۇشتىن باشقا بىرنەرسە ئويلىمىغان بۇقىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن بىئارام قىلىشقا باشلاپتۇ.

بۇقىنىڭ ئاخىرى سەۋرى تېشىپتۇ. ئۆچكىگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

- سېنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭغا كۆز يۇمغىنىم ئۈچۈن، مېنى قورقۇتتۇم دەپ ئويلىما، پېشىمدىكى شۇ شىردىن بىر قۇتۇلاي، ئۇ چاغدا ساڭا كىم ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

**. خوشنىلىرىنىڭ قىيىن كۈنلىرىنى پۇرسەت بىلىپ، يولسىزلىق قىلىدىغانلار، بىر كۈنى ئۇنىڭ بەدىلىنى ئېغىر ئۆتەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.**



## YALANCI ÇOBAN

Çoban bir süredir, koyunlarını otlatma işini oğluna bırakmıştı.

Küçük çobanın bir gün canı sıkıldı. Biraz heyecan meydana getirmek için,

— Kurt geliyor, diye bağırarak köye doğru koştu.

Köylüler, derhal sopalarına, silahlarına sarıldılar. Kurdu öldürmek için çayıra koştularsa da onu göremediler.

Bu yalan, küçük çobanın hoşuna gitmişti. Aynı oyunu 2. kere tekrarladı. Yine köylüleri aldatmıştı.

Günün birinde bir kurt gerçekten sürüye hücum etti. Küçük çoban, “kurt geliyor” diye feryat ettiyse de, bu defa kimseyi kendine inandıramadı. Kurt da koyunların hepsini parçaladı.

**• Yalancının zararı, en fazla kendine dokunur. Çünkü o, doğrularını insanlara kabul ettirme şansını yitirmiştir.**

## يالغانچى پادىچى

پادىچى بىر مەزگىل قويلارنى ئوتلىتىش ئىشىنى ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى.

كىچىك پادىچى بىر كۈنى زېرىكىپ قالدى. بىر ئاز مەيداننى قىزىتىش ئۈچۈن:

- بۆرە كەلدى، - دەپ ۋاقىرىغان پېتى يېزىغا قاراپ يۈگۈردى.

يېزىدىكىلەر دەرھال تاياق - توقماقلىرىنى قولىغا ئالدى. بۆرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئوتلاققا كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى كۆرمىدى.

بۇ يالغان پادىچىغا ياراپ كەتتى. ئوخشاش ئويۇننى يەنە 2 - قېتىم تەكرارلىدى. يېزىدىكىلەرنى يەنە ئالدىغانىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر بۆرە، راستىنلا قويلار توپىغا ھۇجۇم قىلدى. كىچىك پادىچى« بۆرە كەلدى» دەپ قانچىلىك داد - پەرياد قىلسىمۇ، بۇ قېتىم ھېچكىمنى ئۆزىگە ئىشەندۈرەلمىدى. بۆرىمۇ قويلارنىڭ ھەممىسىنى پارچىلىدى.

. يالغانچىنىڭ زىيىنى ئەڭ كۆپ ئۆزىگە تېگىدۇ. چۈنكى ئۇ توغرىلارنى ئىنسانلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.



## KARTALA ÖZENEN KARGA

Bir kartal, çayırda gördüğü bir kuzuyu kuvvetli pençeleri ile kaptığı gibi havalanmış, yuvasına doğru uçmuştu.

Bu manzarayı gören karga kendi kendine:

— Yiyecek bulmak için, bundan kolay yol olamaz, demişti.

Karga, kartalı takliden, çayırda otlayan bir koçun sırtına kondu. Onu havaya kaldırmayı çalıştı. Tabii, koçu bir santim bile havaya kaldıramadıktan başka, ayakları onun tüylerine dolandı. Ayaklarını kurtarmak için çırpınmaya başladı.

Karganın feryadını duyan çoban da onu yakaladı, kanatlarını yolup serbest bıraktı. Karga kartala özenmenin bedelini pahalı ödemişti.

**• Kartal, kartal yapan sadece kanatları değildir. Her kanadı olan, kartal olamaz.**

## بۈركۈتنى دورىغان قاغا

بىر بۈركۈت، ئوتلاقتا كۆرگەن بىر قوزىنى كۈچلۈك پەنجىلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن قاغا ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ يېمەكلىك تېپىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئاسان بىر يول بولمايدۇ، ـ دەپتۇ.

قاغا بۈركۈتنى دوراپ يايلاقتا ئوتلاۋاتقان بىر قوچقارنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ. ئۇنى ھاۋاغا كۆتۈرۈشكە تىرىشىپتۇ. ئەلۋەتتە، قوچقارنى ھاۋاغا بىر سانتىمۇ كۆتۈرەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، يەنە تېخى پۇتلىرى ئۇنىڭ يۇڭلىرىغا ئىلىشىپ قاپتۇ. پۇتلىرىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن قانات قېقىشقا باشلاپتۇ. قاغىنىڭ پەريادىنى ئاڭلىغان پادىچى ئۇنى تۇتۇپ، قاناتلىرىنى يۇلۇپ، قويۇپ بېرىپتۇ. قاغا بۈركۈتنى دوراشنىڭ بەدىلىنى ئېغىر ئۆتەپتۇ.

**• بۈركۈتنى بۈركۈت قىلغان پەقەت قاناتلىرى ئەمەس. ھەر قانىتى بولغان بۈركۈت ئەمەستۇر.**

www.Mahinur.Com



## SUYU BULANDIRMA !

Irmak kenarında su içen kurt, ırmağın aşağı kısımlarında bir kuzunun da su içtiğini gördü. Onu yemek için bahane aramaya başladı:

— İçtiğim suyu ne hakla bulandırıyorsun?

— Kurt amca, su benden size doğru değil, sizden bana doğru akıyor, nasıl bulandırabilirim ki?

— Sen geçen sene de bana aynı şeyi söylemiştin?

— Ama efendim, ben geçen sene dünyada değildim.

— Eğer geçen sene suyumu bulandıran sen değilsen, mutlaka senin annendi. Cezanızı çekmeniz lazım.

Ve kurt, başka bir şey söylemeden kuzuya saldırıp parçaladı.

**• Zalim, bahane bulmakta gecikmez.**

## سۇنى بۇلغىما!

دەريانىڭ قىرىدا سۇ ئىچىۋاتقان بۆرە، دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە بىر قوزىچاقنىڭمۇ سۇ ئىچىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇنى يېيىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەشكە باشلىدى:

ـ ئىچىدىغان سۈيۈمنى نىمىشقا بۇلغايسەن؟

ـ بۆرە تاغا، سۇ مەندىن سىزگە ئەمەس، سىزدىن ماڭا قاراپ ئاقىدۇ، قانداق بۇلغايمەن؟

ـ سەن ئۆتكەن يىلمۇ ماڭا ئوخشاش سۆزنى ئېيتقانتىڭ؟

ـ ئەمما ئەپەندىم، مەن ئۆتكەن يىلى دۇنياغا كەلمىگەن.

ـ ئەگەر راستىنلا ئۆتكەن يىلى سۈيۈمنى بۇلغىغان سەن بولمىساڭ، چوقۇم سېنىڭ ئاناڭ. جازايىڭنى تارتىشىڭ كېرەك.

ۋە بۆرە باشقا بىر نەرسە دېمەستىن قوزىغا ھۇجۇم قىلىپ پارچىلىدى.

**• زالىم باھانە تېپىشتا كېچىكمەيدۇ.**



## TİLKİNİN KURNAZLIĞI

Yaşlı bir aslan günün birinde hastalanmış, tüm gücünü kaybetmiş. Hayvanların hepsi onu muayeneye gelmişler, tavsiyelerde bulunmuşlar. Yalnız tilki, aslana karşı ilgisiz kalmış. Kurt, tilkiyi hiç çekemezmiş. Bu durumu fırsat bilip aslanın yanında, tilkiyi kötülemeye başlamış:

— Bu hayvanın yuvasını yakmalı, buraya gelmesini sağlamalı, demiş.

Tilki, kurdun kendisi hakkında söylediklerini öğrenince, kalkıp aslanın ziyaretine gelmiş.

— Haşmetli kralım, korkarım ki haksız yere suçlanmış bulunuyorum. Halbuki ben, sağlığınızın düzelmesine çare bulmak için bir geziye çıkmıştım. Bu gezide görüştüğüm uzman ve bilginlerin düşüncelerine göre, kralımızın dermansızlığının sebebi vücut ısınızdaki eksilme imiş. Buna çare olarak ta, bir kurdun derisinin yüzülüp, taze sıcaklığı ile üzerinize konulması gerekiyormuş. Sayın kurt işte burada. Emrederseniz bu öneriyi hemen yerine getirelim.

Bunak aslan, bu fikri beğenmiş. Kurdu hemen öldürüp derisini

## تۈلكىنىڭ ھىيلىگەرلىكى

قېرى بىر شىر بىر كۈنى ئاغرىپ قىلىپ، كۈچىدىن كېتىپتۇ. ھەممە ھايۋانلار ئۇنى تەكشۈرۈشكە كېلىپتۇ ۋە بىر نەرسىلەر تەۋسىيە قىپتۇ. پەقەت تۈلكە شىرغا قارىتا ئېتىبارسىز قاپتۇ. بۆرە تۈلكە بىلەن بەك ئۆچەكىشىدىكەن. بۇ ھالنى پۇرسەت بىلىپ. شىرغا تۈلكىنى چېقىشتۇرۇشقا باشلاپتۇ:

- بۇ ھايۋاننىڭ ئۇۋىسى كۆيدۈرۈپ بۇيەرگە كەلتۈرۈش كېرەك، - دەپتۇ.

تۈلكە بۆرىنىڭ ئۆزى ھەققىدە دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال شىرنى يوقلاپ كەپتۇ.

- پادىشا ئالىيلىرى، قورقىمەنكى، ھەقسىز ئەيىبلىنىۋاتىمەن. ھالبۇكى مەن، سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن، چارە ئىزدەپ، بىر سەپەرگە چىققانىدىم. بۇ سەپەردە ئۇچراشقان مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ قارىشىچە، شاھىمىزنىڭ دەرمانسىزلىقىنىڭ سەۋەبى بەدىنىدىكى ئىسسىق ئازىيىپ كېتىشىكەن. بۇنىڭغىمۇ چارە بار بولۇپ، بىر بۆرىنىڭ تېرىسى شىلىنىپ، ئىسسىق ھالدا ئۈستىڭىزگە يېپىلىشى كېرەككەن. ھۆرمەتلىك بۆرە مانا بۇ يەردە. ئەمر قىلسىڭىز بۇ تەكلىپنى دەرھال بېجىرەيلى.

ئالجىغان شىر بۇ پىكىرنى ياقتۇرۇپتۇ. بۆرىنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ

www.Mahinur.Com

yüzmüşler. Kemiklerini çorba yapıp aslana içirmişler. Taze yüzülmüş derisini de sıcak sıcak aslanın üzerine örtmüşler.

**• Birisine yaranmak için başkalarını kötüleyici sözler söylemek, çoğu kez, o kem sözün sahibine zarar verir. Kıskanç insan, kıskandığı kimseye karşı kurduğu tuzağa kendi yakalanır.**

تېرىسىنى سويۇۋاپتۇ. ئۇستىخانلىرىنى شورپا قىلىپ، شىرغا ئىچكۈزۈپتۇ. يېڭى سويۇۋېلىنغان تېرىسىنىمۇ ئىسسىق شىرنىڭ ئۈستىگە يېپىپتۇ.

**• بىرسىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن چېقىشتۇرىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەش، كۆپىنچە، ئۇ يامان سۆزنىڭ ئىگىسىگە زارار بېرىدۇ. قىزغانچۇق ئىنسان، قىزغانغان ئادەمگە قۇرغان تۇزاققا ئۆزى چۈشىدۇ.**



## AYAK İZLERİ

İyice yaşlanıp ava çıkamaz hale gelen aslan, oturduğu yerde karnını doyurmak için bir plan kurmuş.

Hastaymış gibi yatıp inlemeye başlamış.

Aslanı ortalıkta göremeyen hayvanlar, merak edip inine yaklaşmışlar. İnleme seslerini duyunca hasta olduğuna hükmetmişler.

Aslanın hastalığı kısa sürede ormanda duyulmuş. Hayvanlar birer, ikişer onu görmeye gitmişler.

Aslan da her geleni bir pençede devirip afiyetle yemiş, keyfine bakmış.

Tilki, haberi en son duyan olmuş. O da aslanı görmeye gitmiş. Ama içeri girmeyip kapıdan başını uzatıp bakmış.

— Ne oldu aslan kardeş? diye sormuş.

## ئاياق ئىزلىرى

بەكلا قېرىپ ئوۋغا چىقالمايدىغان ھالغا كەلگەن شىر، ئولتۇرغان يەردە قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزۈپتۇ.

ئاغرىپ قالغاندەك يېتىپ ئىڭراشقا باشلاپتۇ.

شىرنى ئەتراپتا كۆرمىگەن ھايۋانلار قىزىقىپ ئۇۋىسىغا يېقىنلىشىپتۇ. ئىڭرىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ئاغرىپ قالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشىپتۇ.

شىرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى قىسقا بىر مەزگىلدە ئورمانغا يېيىلىپتۇ. ھايۋانلار بىردىن ئىككىدىن ئۇنى يوقلاپ كېلىشىپتۇ.

شىرمۇ كەلگەنلەرنى بىر پەنجە قويۇپ يىقىتىپ، مەززە قىلىپ يەپتۇ. كەيپىنى سۈرۈپتۇ.

تۈلكە خەۋەرنى ئەڭ ئاخىرى ئاڭلىغان بولۇپتۇ. ئۇمۇ شىرنى يوقلاپ بېرىپتۇ. ئەمما ئىچىگە كىرمەي ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپتۇ.

ـ نىمە بولدۇڭ، شىر بۇرادەر؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

Aslan rol gereği inlemeye başlamış.

— Aşkolsun tilki kardeş, kaç gündür hastayım. Yolunu gözledim. Bir geçmiş olsuna gelmedin bana. Haydi içeri gir de neler çektiğimi gör, demiş.

Tilki, aslanın ininin önünde bulunan hayvan izlerine bakarak:

— Gelmek isterdim, ama kapında gördüklerim buna engel oluyor, demiş.

— Kapımda ne görüyorsun? diye merakla sormuş aslan.

Tilki cevaplamış:

— Ne göreceğim! Kapının önündeki tüm ayak izleri hep içeri doğru. Hiç dışarı çıkanı yok. İçeriyi daha fazla kalabalık etmek istemem.

**• Dıştan tehlikesiz gibi duran nice şeyler vardır ki, içleri tehlike doludur. Uzağı görenler, bu tehlikeleri erken sezip gerekli tedbirleri alırlar.**

ـ نىمە قىلغىنىڭ بۇ، تۈلكە بۇرادەر، نەچچە كۈندىن ئاغرىق مەن. يولۇڭغا قارىدىم. بىر يوقلاپ كەلمىدىڭ. قېنى ئۆيگە كىر، نىمە بولغىنىمنى كۆر، ـ دەپتۇ.

تۈلكە شىرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى هايۋان ئىزلىرىغا قاراپ:

ـ كېلىشنى خالايتتىم. ئەمما ئىشىكتە كۆرگەنلىرىم بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، ـ دەپتۇ.

ـ ئىشىكىمدە نىمە كۆرۈۋاتىسەن؟ ـ دەپ هەيرانلىق بىلەن سوراپتۇ شىر.

تۈلكە:

ـ نىمە كۆرەي! ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى پۈتۈن ئىزلار ئىچىگە قارىتا. هىچ سىرتىغا چىققىنى يوق. مەن ئىچىنى پاتىپاراق قىلماي.

. سىرتتىن بىخەتەر كۆرۈنگەن قانچىلىغان شەيئىلەر باركى، ئىچى ناهايىتى خەتەرلىك. يىراقنى كۆرگەنلەر بۇ خەتەرنى بالدۇر سېزىپ كېرەكلىك تەدبىرلەرنى ئالىدۇ.



## ASLANA PES ETTİREN SİVRİSİNEK

Minik bir sivrisinek, uçarken, oturduğu yerde kurumundan geçilmeyen bir aslan görmüş. Onun bu kibirli halinden hiç hoşlanmamış.

Geçmiş aslanın karşısına. Boyuna bakmadan kendince ona kafa tutmuş:

— Aslan efendi! Bu kurumun ne böyle? Önüne gelene pençe atmak, her gördüğüne kükremek mi seni böyle fiyakalı yapıyor.

Eğer yüreğin varsa, çık benim karşıma, o yenilmez sandığın gücünü bir de bana göster bakalım.

Sivrisinek, bu meydan okuyuştan sonra, iğnesini havaya dikmiş, kanatlarını çırparak aslana saldırmış. En yumuşak yeri olan burnuna sokmuş iğnesini.

Aslan sivrisineği haklamak için pençesini bütün gücüyle sallayınca burnu kan içinde kalmış.

Sivrisinek nereye konduysa, aslan oraya bir pençe atmış. Bu

## شىرنى يەڭگەن پاشا

كىچىك بىر پاشا ئۇچۇۋاتقاندا، ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان بىر شىر كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ مەغرۇر ھالىنى ھېچ ياقتۇرماپتۇ.

ئۆتۈپتۇ شىرنىڭ ئالدىغا. بويىغا باقماستىن ئۆزىچە ئۇنىڭغا ھەيۋە قىپتۇ:

- شىر ئەپەندى! نىمانچە چوڭچىلىق بۇ؟ ئالدىڭغا كەلگەنگە پەنجە ئۇرۇش سېنى مۇشۇنداق مەغرۇر قىلامدۇ.

ئەگەر يۈرىكىڭ بولسا چىق مېنىڭ قارشىمغا، ئۇ يېڭىلمەس كۈچلىرىڭنى كۆرسەت ماڭا.

پاشا بۇ تەھدىتلەردىن كېيىن نەشتىرىنى توغرىلاپ، ئۇچقان پېتى شىرغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئەڭ يۇمشاق يېرى بولغان بۇرنىنى چېقىپتۇ.

شىر پاشىنى ئەزمەك ئۈچۈن پەنجىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن شىلتىپتىكەن، بۇرنى قان ئىچىدە قاپتۇ.

پاشا نەگە قونسا شىر شۇ يەرگە پەنجە ئۇرۇپتۇ. بۇ قېتىم شۇ

kere de orasını yaralamış.

Sonunda aslan sivrisinekle başa çıkamıyacağını anlayıp pes etmiş.

Sivrisinek, hayvanların kralı aslanı pes ettirdiğine öyle sevinmiş ki, uçarken dengesini yitirip bir örümceğin ağına yakalanmış.

Kurtulmak için çabaladıkça, ağa daha fazla yapışıyormuş.

Sonunda hayıflanarak kendi kendine şöyle söylenmiş:

— Hayvanların en güçlüsü koca aslana pes dedirten ben, şimdi burada zayıf bir örümcek ağında can veriyorum.

**• Her güçlünün güçsüz bir yanı vardır. Kişi rakibini küçük görüp hafife almamalı.**

يەرنى يارا قىپتۇ.

ئاخىرى شىر پاشا بىلەن باشقا چىقالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بولدى قىپتۇ.

پاشا ھايۋانلارنىڭ پادىشاسىنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇشال بوپتۇكى، ئۇچۇۋاتقاندا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ بىر ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرماشقانچە تورغا تېخىمۇ چاپلىشىپتۇ.

ئاخىرى ئۇھ تارتىپ ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دەپتۇ:

- ھايۋانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى چوڭ شىرنى يەڭگەن مەن، ئەمدى زەئىپ بىر ئۆمۈچۈك تورىدا جان بېرىۋاتىمەن.

**. ھەر كۈچلۈكنىڭ كۈچسىز بىر تەرىپى باردۇر. كىشى رەقىبىنى كىچىك كۆرمەسلىكى كېرەك.**

www.Mahinur.Com



## KURT DOKTORLUĞA ÖZENİNCE

Aç bir kurt, kırda avlanmak amacıyla dolaşırken, önüne bir eşek çıkmış.

Çayırda herşeyden habersiz otlayan eşek, kurdu birden yanıbaşında görünce çok korkmuş. Ama iş işten de geçmiş. Artık kaçması mümkün değilmiş.

Sonunda kurda bir oyun oynamayı akıl etmiş. Bir ayağı sakatmış gibi topallamaya başlamış.

Kurt onu topallar halde görünce:

— Hayrola, ayağında ne var? diye sormuş.

— Hiç sorma kurt hazretleri, demiş eşek. Ayağıma kocaman bir diken battı, çok uğraştım ama çıkaramadım. Biliyorum beni yiyeceksin. Ama ayağımdaki şu dikeni çıkarıver de ölmeden rahat bir nefes alayım. Sen de dikenli et yemekten kurtul.

Kurt, bu ricayı uygun bulmuş. Eşeğin yanına gelip topallayan ayağına yaklaşmış, dikeni aramaya başlamış.

Bu anı bekleyen eşek ise, var gücüyle kurda bir çifte atmış. Öyle bir çifte ki, kurdun ağzındaki bütün dişleri yere dökülmüş.

## بۆرە دوختۇرلۇق قىلماقچى بولغاندا

ئاچ بىر بۆرە قىرلاردا ئوۋ ئىزدەپ يۈرگەندە ئالدىغا بىر ئېشەك چىقىپتۇ.

يايلاقتا بىغەم ئوتلاۋاتقان ئېشەك بۆرىنى تۇساتتىن كۆرۈپ بەك قورقۇپتۇ. ئەمما ئىش يولدىن چىقىپتۇ. ئەمدى قېچىشى مۇمكىن ئەمەسكەن. ئاخىرى بۆرىگە بىر ئويۇن ئويناماقچى بولۇپتۇ. بىر پۇتى يارىلانغاندەك ئاقساشقا باشلاپتۇ. بۆرە ئۇنى ئاقساق ھالدا كۆرۈپ:

- تىنچلىقتۇ، پۇتۇڭدا نېمە بار؟ - دەپ سوراپتۇ.

- ھېچ سورىما، بۆرە ھەزرەتلىرى، - دەپتۇ ئېشەك. پۇتۇمغا چوڭ بىر تىكەن پاتتى، شۇنچە ھەپىلەشتىم، ئەمما چىقىرالمىدىم. بىلىمەن مېنى يەيسەن. ئەمما پۇتۇمدىكى شۇ تىكەننى ئېلىۋەتكىن، ئۆلۈمدىن ئاۋۋال راھەت بىر نەپەس ئالاي. سەنمۇ تىكەنلىك گۆش يېيىشتىن قۇتۇل.

بۆرە بۇ تەكلىپنى ئۇيغۇن كۆرۈپتۇ. ئېشەكنىڭ قېشىغا كېلىپ كۆتۈرۈۋالغان پۇتىغا يېقىنلىشىپتۇ، تىكەننى ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

بۇ پەيتنى كۈتكەن ئېشەك بۆرىگە بار كۈچى بىلەن پەشۋا ئېتىپتۇ. شۇنداق بىر پەشۋاكى، بۆرىنىڭ ئاغزىدىكى پۈتۈن چىشلىرى يەرگە

Acısından uluya uluya oradan uzaklaşırken, kendi kendine de:

— Oh olsun sana! Benim soyum canavardı. Hep can alırdı.

Ben de aynı yoldan gideceğime, tuttum doktorluğa özendim. Can kurtarmağa kalktım, diyormuş.

**• Herkes doğasına uygun iş yapmalı. Bilmediği, anlamadığı işlere burnunu sokmağa kalkışmamalı...**

تۆكۈلۈپتۇ. ئاغرىقتىن ھۇۋلىغانچە ئۇ يەردىن ئۇزاقلىشىۋاتقاندا ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ خوپ بولسۇن ساڭا! مېنىڭ نەسلىم جانىۋار ئىدى. پەقەت جان ئالاتتى. مەنمۇ ئوخشاش يولدىن مېڭىشنىڭ ئورنىغا، دوختۇرلۇققا ھەۋەس قىلدىم. جان قۇتقۇزماقچى بولدۇم، ـ دەپتۇ.

. ھەركىشى ئۆز تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ئىش قىلىشى كېرەك. بىلمىگەن، چۈشەنمىگەن ئىشلارغا قول تىقماسلىقى كېرەك.

## نەي چېلىشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ

ئەقلى بېشىدىن ئايرىلغان بىر ئۆچكە، تويىدىن ئايرىلىپ، تېخىمۇ ياخشى ئوتلاش ئۈچۈن ئۇزاقلارغا كېتىپتۇ.

ئۇ يەردە ئوۋ كۈتۈۋاتقان بىر بۆرە ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپتۇ. بىردىنلا ئۆچكىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

ئۆچكە، بۆرىنى كۆرۈپ بەك قورقۇپتۇ. تويىدىن ئايرىلىپ خاتا قىلغىنىنى چۈشىنىپتۇ. بۆرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانسىزلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ.

بۆرىگە:

- بۆرە ھەزرەتلىرى، مېنى پارچىلاپ يەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. دىمەك ئاخىرقى مىنۇتلىرىمنى ياشاۋاتىمەن. ھېچ بولمىسا ئاخىرقى ئىستىكىمنى ئورۇنداپ بەرسىڭىز، - دەپتۇ.

- ئاخىرقى ئىستىكىڭ نىمە؟ - دەپ سوراپتۇ بۆرە.

- ئۆلۈشتىن بۇرۇن ماڭا بىر ئاز نەي چېلىپ بەر، ھېچ بولمىسا ھوزۇر ئىچىدە ئۆلەي، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۆچكە. مەقسىدى بىرئاز ۋاقىتتىن ئۇتۇش ئىكەن.

بۆرە ئۆچكىنىڭ ئاخىرقى ئىستىكىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەتراپىغا قاراپتۇ. سەل نېرىدا بىر نەي تېپىپتۇ. باشلاپتۇ چېلىشقا. خېلىغىچە



## KAVAL ÇALMAK BENİM NEYİME...

Aklı bir karış havada olan bir keçi, sürüden ayrılmış, daha iyi otlamak için uzaklara gitmiş.

Orada av bekleyen bir kurt, onu görünce sevinmiş. Birden keçinin karşısına dikilivermiş.

Keçi, kurdu görünce çok korkmuş. Sürüden ayrılmakla hata ettiğini anlamış. Kurdun elinden kurtulmanın imkansız olduğunu bilmekle beraber, gene de bir denemek istemiş.

Kurda:

— Kurt Hazretleri, beni parçalayıp yiyeceğini biliyorum. Madem ki son dakikalarımı yaşıyorum. Hiç olmazsa son isteğimi yerine getir, demiş.

— Nedir, son isteğin? diye sormuş kurt.

— Ölmeden önce, bana biraz kaval çal, hiç değilse neşe içinde öleyim, diye karşılık vermiş keçi. Maksadı zaman kazanmakmış.

Kurt, keçinin son isteğini yerine getirmek için etrafına bakın-

mış. Az ilerde bir kaval bulmuş. Başlamış çalmaya. Bir müddet kurt çalmış, keçi oynamış.

Bu gürültü, biraz ilerde sahipleriyle birlikte bulunan köpeklerin dikkatini çekmiş. Etrafı koklayınca, kurdun kokusunu almışlar.

O yana doğru topluca saldırmışlar.

Kurt, köpeklerin hücumunu görünce, kavalı bir tarafa atıp can havli ile kaçmaya başlamış.

Keçinin yanından ayrılırken ona:

— Suç sende değil, bende, demiş. Kaval çalmak benim neyime. Müzikli, oyunlu kurban töreni benim neyime.

**• Her işin, yapılacak bir yeri ve zamanı vardır. O zamanı akıllıca değerlendiremiyen her girişim, başarısızlıkla biter.**

بۆره چېلىپتۇ، ئۆچكە ئويناپتۇ.

بۇ ۋاراڭ چۇرۇڭ بىرئاز نېرىدىكى ئىگىلىرى بىلەن بىللە بولغان ئىتلىرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئەتراپنى پۇراپ بۆرىنىڭ پۇرىقىنى ئاپتۇ.

ئۇ يانغا قاراپ بىراقلا ھۇجۇم قىلىپتۇ.

بۆره ئىتلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ نەينى بىر يانغا ئېتىپ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىپتۇ. ئۆچكىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭغا:

- ئەيىب سەندە ئەمەس مەندە، دەپتۇ. نەي چېلىشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ. نەغمە - ناۋالىق قۇربان قىلىش مۇراسىمىنى ماڭا كىم قويۇپتۇ.

**. ھەر ئىشنىڭ قىلىنىدىغان جايى ۋە ۋاقتى باردۇر. ئۇ ۋاقتىنى ئەقىل بىلەن ئىشلەتمىگەن ھەر ئىش مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگەيدۇ.**

www.Mahinur.Com



## EŞEK SUDAN GELİNCEYE KADAR...

Eşek, sahibinin, evin küçük köpeğine gösterdiği ilgiyi hep kıskanırmış.

Çünkü küçük köpek, her zaman sahiplerinin kucağına oturur, okşanır sevilirmiş.

Eşek, kendi kendine şöyle düşünürmüş:

— Şu minicik köpeğin ne değeri var sanki. Pek bir işe yaradığı da yok. Tüm becerisi, iki ayağı üzerine dikilmek. Bunu yaptımı, insanlar onu kucaklayıp bağırlarına basıyorlar. Bense, bunca hizmetime rağmen hep sopa yiyorum. Eğer insanların istediği buysa, iki ayak üstünde dikilmeyi ben de yapabilirim.

Eşek, kendisini efendisine sevdirmek için, artık fırsat kollamaya başlamış.

Bir gün küçük köpeğin yaptığı gibi, iki ayak üstünde durma numaraları yaparak cilveyle sokulmuş efendisinin yanına. Başlamış yüksek sesle anırmaya.

Adamın bu çirkin gürültüden kulakları işitmez olmuş, başı kazana dönmüş.

## ئېشەك سۇدىن ئۆتكىچە

ئېشەك، ئىگىسىنىڭ كۈچۈكىگە كۆڭۈل بۆلگىنىدىن ھەردائىم قىزغىنىدىكەن. چۈنكى ئىت ئىگىسىنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرىدىكەن، ئىگىلىرى ئۇنى سىلاپ-سىپايدىكەن. ئېشەك ئۆزىچە مۇنداق ئويلايدىكەن:

- شۇ كىچىككىنە ئىتنىڭ نىمە پايدىسى باركىن. جىق بىر ئىشقا يارىغىنى يوق. پۈتۈن ماھارىتى ئىككى پۇتلاپ ئۆرە تۇرۇش. بۇنى قىلدىمۇ، ئىنسانلار ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باسىدۇ. مەن بولسام شۇنچە خىزمىتىمگە يارىشا تاياق يەيمەن. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئىستىگىنى بۇ بولسا ئىككى پۇتلاپ مەنمۇ تۇرالايمەن.

ئېشەك ئۆزىنى ئىگىسىگە ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمدى پۇرسەت كۈتۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى كۈچۈكنىڭ قىلغىنىدەك ئىككى پۇتلاپ تۇرۇپ، قىلىق چىقىرىپ ئىگىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە باشلاپتۇ يۇقىرى ئاۋازدا ھاڭراشقا.

ئادەمنىڭ بۇ سەت ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن قۇلىقى پاڭ بولۇپتۇ، بېشى قازانغا ئايلىنىپتۇ.

— Çüş, diye bağırarak, sopayı eline almış. Kendisinden sevgi ve okşama bekliyen gürültücü eşeği bir güzel dövüvermiş. Hem de “eşek sudan gelinceye kadar” denilen cinsinden.

**• Hiç bir varlığın doğası fazla zorlamaya gelmez. Zorlama ile yapılan hiçbir iş te iyi sonuç vermez.**

- چۇش، دەپ ۋاقراپ تاياقنى قولغا ئاپتۇ. ئۆزىدىن مېھرىبانلىق ۋە سىلاپ-سىپاشنى كۈتكەن بۇ جېدەلخور ئېشەكنى ئوبدان بىر ئەدەپلەپتۇ. ھەمدە «ئېشەك سۇدىن ئۆتكىچە» دېگەن جىنىستىن.

**• ھېچبىر بارلىقنىڭ تەبىئىتى مەجبۇرلاشقا كەلمەيدۇ. مەجبۇرىي قىلىنغان ئىشمۇ ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ.**



## KISKANÇ KEÇİNİN ACI SONU

Bir çiftlikte keçi ile eşek birlikte yaşıyorlarmış. Ama keçi, eşeği çok kıskanıyormuş. Çünkü ona göre, eşeğe daha iyi bakılıyormuş. Daha çok yem veriliyormuş. O ise, çoğu gün aç kalıyormuş. Keçi, kendince bu haksızlıktan dolayı eşeğe kızıyormuş. Onu sahibinin gözünden düşürmek için planlar kuruyormuş.

Bir gün eşeğe:

— Eşek kardeş! Bu insanoğlu da sana çok yük taşıtıyor. Senin uysallığını fırsat bilip ne kadar angarya varsa sırtına bindiriyor, demiş.

Eşek:

— Haklısın keçi kardeş. Ama ben ne yapabilirim sahiplerime karşı, demiş çaresizce.

Keçi kurnaz kurnaz gülmüş:

— Bunun kolayı var, demiş. Bir gün sırtında yük, yolda giderken atıver kendini yere. Şöyle tüm bedenini titret, bir iki de debelen. O zaman senin hastalandığını sanırlar. Sen de işten ve angaryadan kurtulursun.

## قىزغانچۇق ئۆچكىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى

بىر ئېتىزلىقتا ئۆچكە بىلەن ئېشەك بىللە ياشايدىكەن. ئەمما ئۆچكە ئېشەكنى بەك قىزغىنىدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭغا كۆرە ئېشەكنى تېخىمۇ ياخشى باقىلىدىكەن. تېخىمۇ جىق يەم بېرىلىدىكەن. ئۇ بولسا كۆپىنچە ئاچ قالىدىكەن. ئۆچكە، ئۆزىگە قىلىنغان بۇ ھەقسىزلىق ئۈچۈن ئېشەككە ئاچچىقلايدىكەن. ئۇنى ئىگىسىگە يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن پىلانلار تۈزىدىكەن.

بىر كۈن ئېشەككە:

- ئېشەك بۇرادەر! بۇ ئىنسانلارمۇ ساڭا جىق يۈك توشۇتىدۇ. سېنىڭ يۇۋاشلىقىڭنى پۇرسەت بىلىپ قانداق ئېغىر ئىش بولسا ساڭا يۈكلەيدۇ، دەپتۇ. ئېشەك:

- توغرا دەيسەن ئۆچكە بۇرادەر. ئەمما مەن قانداق قىلاي ئۇلارغا، - دەپتۇ چارىسىزلىك بىلەن.

ئۆچكە ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ:

- بۇ ئاسان، - دەپتۇ. بىر كۈنى ئۈستۈڭدە يۈك، كېتىۋېتىپ ئۆزەڭنى يەرگە ئات. مۇنداق پۈتۈن بەدىنىڭنى بىر تىترەت، بىر ئىككى تېپىرلا. ئۇ چاغدا سېنى ئاغرىپ قالدى دەپ قالىدۇ. سەنمۇ ئىشتىن ۋە ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلىسەن.

Bu oyun eşeğin aklına yatmış. Bir hendeğin başında kendini yere atmış, debelenmeye başlamış. Her yanı yara bere içinde kalmış.

Sahibi onu hemen veterinere götürmüş. Eşeği iyice muayene eden veteriner:

— Bu hayvan iyice güçsüz kalmış. İyileşmesi için bir keçi ciğerini iyice kaynatıp suyunu ona içirmelisiniz, demiş.

Adam eve döner dönmez, veterinerin tavsiyesine uyarak kıskanç keçiyi kesmiş, ciğerini kaynatıp suyunu eşeğine içirmiş. Böylece keçinin, eşeği sahibinin gözünden düşürme planı, kendi aleyhine sonuçlanmış.

**• Problemlerini başkalarına kötülük yaparak çözümlemeyi düşünenler, daha büyük problemleri başlarına bela edebileceklerini unutmamalıdırlar.**

بۇ ئويۇن ئېشەككە ماقۇل كەپتۇ. بىر خەندەكنىڭ بېشىدا ئۆزىنى يەرگە ئېتىپتۇ پۇتۇن بەدىنىنى تىترىتىپتۇ ۋە تىپىرلاشقا باشلاپتۇ. ھەر يېرى يارا ئىچىدە قاپتۇ. ئىگىسى ئۇنى دەرھال مال دوختۇرىغا ئاپىرىپتۇ. ئېشەكنى ئوبدان بىر تەكشۈرۈپ چىققان مال دوختۇرى:

- بۇ ھايۋان ھالسىزلىنىپتۇ. ساقايتىش ئۈچۈن بىر ئۆچكە جىگىرىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈشۈڭلار كېرەك، - دەپتۇ.

ئادەم ئۆيگە كېلىپلا، مال دوختۇرى تەۋسىيە قىلغاندەك، قىزغانچۇق ئۆچكىنى بوغۇزلاپ، جىگىرىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئېشەككە بېرىپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۆچكىنىڭ ئېشەكنى ئىگىسىگە يامان كۆرسىتىش پىلانى ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا بوپتۇ.

**. مەسىلىلىرىنى باشقىلارغا يامانلىق قىلىپ ھەل قىلماقچى بولغانلار، باشلىرىغا تېخىمۇ چوڭ بالا تېرىيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن.**



## YERSİZ MERAK

Günün birinde, akıllı geçinen bir tavşan, yolda rastladığı tilki ile alaylı alaylı konuşmuş. Ona:

— Senin için çok kurnazdır diyorlar. Bu doğru mu acaba? demiş.

Tilki:

— Ben ne desem boş yeğenim. Sen en iyisi bizim eve kadar benle zahmet edip gel de, söylenenlerin doğru olup olmadığını gözlerinle gör. Ayrıca yemeğe de konuğum olursun, diye cevap vermiş.

Tavşan bu sözlere çok sevinmiş. Kendi kendine: “Ne akılsız tilkiymiş bu. Bir iki pohpohladım, övgümü yuttu, beni yemeğe davet etti.” diye söylenmiş.

Birlikte tilkinin evine gitmişler. İçeri girer girmez, tavşan şaşırmış. Çünkü tilkinin evi bomboşmuş. Ne yiyecek varmış, ne içecek.

## ئورۇنسىز ھەۋەس

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زېرەك بىر توشقان، يولدا ئۇچرىشىپ قالغان تۈلكە بىلەن چاقچاق تەرىقىسىدە پاراڭلىششقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭغا:

- سېنى بەك ھىيلىگەر دېيىشىدۇ. بۇ توغرىمۇ ئەجىبا؟ - دەپتۇ.

تۈلكە:

- مەن نىمە دىسەم بىكار قېرىندىشىم. سەن ئەڭ ياخشىسى بىزنىڭ ئۆيگىچە كەل، دېيىلگەنلەرنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر. ھەم داستىخىنىمغا مېھمان بولىسەن، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

توشقان بۇ سۆزلەردىن بەك سۆيۈنۈپتۇ. ئۆز - ئۆزىگە «نېمىدىگەن ئەقىلسىز تۈلكە بۇ. بىر ئىككى ئېغىز ماختاپ قويسام، راست دەپ قالدى. مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.» دەپتۇ.

بىللە تۈلكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. تۈلكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى تۈلكىنىڭ ئۆيى قۇپقۇرۇقكەن. يا يىمەكلىك يوقكەن، يا سۇ.

Tavşan birden tilkinin oyununa geldiğini anlamış. Çünkü evde, kendisinden başka yiyecek yokmuş tilki için. Bedava yemek yemeyi hayal ederken, tilkiye bedava av olduğunu anlamış.

Tilkiye dönüp:

— İnandım tilki kardeş, demiş. Senin hayvanların en kurnazı olduğuna iyice inandım. Baksana akıllı geçinen beni bile faka bastırdın. Evine, kendi ayağımla tıpış tıpış getirdin. Benim gibi kafasız birini afiyetle yiyebilirsin.

• **Merak duygusu yerinde kullanılmazsa, insanın başına büyük sıkıntılar açabilir. Bizi ilgilendirmeyen konuları merak etmek, çoğu kere zararımıza olur.**

توشقان بىردىنلا تۈلكىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكىنىنى بىلىپتۇ. چۈنكى ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا تاماق يوقكەن تۈلكە ئۈچۈن. بىكارغا تاماق يېيىشنى خىيال قىلىۋاتقاندا، تۈلكىگە بىكارغا ئوۋ بولغىنىنى چۈشىنىپتۇ. تۈلكىگە قاراپ:

ـ ئىشەندىم تۈلكە قېرىنداش، ـ دەپتۇ. سېنىڭ هايۋانلارنىڭ ئەڭ هيلىگەرى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەندىم. قارا، زېرەك دەپ قارىلىدىغان مېنىمۇ قاپقانغا دەسسەتتىڭ. ئۆيۈڭگە ئۆز پۇتۇم بىلەن ماڭغۇزۇپ ئەكەلدىڭ. ماڭا ئوخشاش ئەقىلسىز بىرىنى مەززە قىلىپ يىسەڭ بولىدۇ.

. هەۋەس جايىدا قوللىنىلمىسا بېشىمىزغا بالا بولىدۇ. بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز تېمىلارغا هەۋەس قىلىش كۆپىنچە بىزگە زىيان سالىدۇ.



## UYUMSUZ ORTAKLAR

Masal bu ya. Martı kuşu, yarasa, bir de diken arkadaş olmuşlar. Ticaret yapıp para kazanmak için planlar kurmuşlar.

Yarasa, ortakları adına epey bir miktar borç para sağlamış. Diken ise, çok miktarda kumaş almış. Martı kuşu da yüklüce bakır yığmış kendi payına.

Üç ortak, topladıkları malları bir gemiye yükleyip yola koyulmuşlar.

Tam yolu yarılamışlarken, birden hava bozulmuş. Rüzgar ve fırtına çıkıp denizi altüst etmiş. Gemi, azgın dalgalara dayanamayarak ortadan ikiye bölünüp batmış.

Ortakların tüm malları, gemiyle birlikte denizin dibini boylamış. Onlar canlarını zor kurtarmışlar.

O günden sonra, yarasa, alacaklılarına görünmemek için gündüzleri ortaya hiç çıkmamış. Yalnız geceleri el-ayak çekildikten sonra dolaşmaya başlamış. Martı kuşu, bütün servet ve ümidini

## كېلىشەلمەيدىغان شېرىكلەر

ھېكايە بۇ يا. بېلىقئالغۇچ، شەپەرەك، يەنە تىكەن دوست بولۇپتۇ. تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن پىلانلار قۇرۇپتۇ.

شەپەرەك شېرىكلىرىنى خېلى كۆپ قەرز پۇل تەمىنلەپتۇ. تىكەن بولسا، كۆپ مىقداردا رەخت ئېلىپتۇ. بېلىق ئالغۇچمۇ بىرمۇنچە مىس يىغىپتۇ ئۆزىنىڭ پايىغا.

ئۈچ شېرىك يىغقان ماللارنى بىر كېمىگە يۈكلەپ يولغا چىقىپتۇ.

دەل يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، بىردىنلا ھاۋا بۇزۇلۇپتۇ. شامال ۋە بوران چىقىپ دېڭىزنى ئېگىز-پەس قىپتۇ. كېمە ئازغۇن دولقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئوتتۇردىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ چۆكۈپتۇ.

شېرىكلەرنىڭ پۈتۈن ماللىرى كېمە بىللەن بىللە دېڭىزنىڭ تېگىنى بويلاپتۇ. ئۇلار جېنىنى تەستە قۇتقۇزۇپتۇ.

ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن، شەپەرەك، قەرز ئىگىلىرىگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن، كۈندۈزلىرى ھېچ بىر يەرگە چىقماپتۇ. پەقەت كېچىلىرى ئەل-ئالەم جىمىققاندا چىقىپ ئايلىنىپتۇ. بېلىقئالغۇچ بولسا پۈتۈن

bağladığı bakırları belki karaya vurur diye, hep deniz kıyılarında dolanıp durur olmuş.

Diken ise, yol kıyısında durur, gelene geçene saldırırmış. Acaba insanların giydikleri bu elbiseler, benim kumaşlarımdan mı yapıldı diye bakarmış.

**• Uyumsuz bir ortaklık, ne ortaklara, ne de başkalarına bir yarar sağlamaz. Bir tehlike halinde, her ortak sadece kendi çıkarının derdine düşer.**

بارلىقى ۋە ئۈمىدى بولغان مىسلارنى، بەلكى بىر كۈن دولقۇن قىرغاققا ئۇرىدۇ، دەپ دائىم دېڭىز ساھىلىدە ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپتۇ.

تىكەن بولسا يولنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ ئۆتكەن ـ كەچكەنگە ھۇجۇم قىلىدىكەن. ئەجبا ئىنسانلار كىيگەن بۇ كىيىملەر مېنىڭ رەختىمدىن تىكىلدىمۇ قانداق، دەپ قارايدىكەن.

**. كېلىشەلمەيدىغان بىر شېرىكلىكنىڭ يا شېرىكلىرىگە يا باشقىلىرىغا پايدىسى تەگمەيدۇ. بىر خەتەرلىك ئەھۋالدا، ھەر شېرىك ئۆز مەنپەئەتىنىڭ دەردىگە چۈشىدۇ.**

www.Mahinur.Com



## EL ELDEN ÜSTÜNDÜR

Günün birinde horozla köpek arkadaş olup birlikte yolculuğa çıkmışlar.

Uzun süre yol almışlar, ama kendilerine hiçbir yiyecek bulamamışlar.

Hava kararıp gece olunca, bir ağacın önünde durmuşlar. Horoz ağacın dallarına tünemiş. Köpek te ağacın kovuğuna girip derin uykuya dalmış.

Sabah, gün ışırken, horoz uyanmış, başlamış ötmeye.

Horoz sesini duyan aç bir tilki, hemen ağaca yaklaşmış. Horozu görünce sevinmiş. Yapacağı tek şey, onu kandırıp ağaçtan aşağı indirmekten ibaretmiş.

Bu düşünceyle, ağacın altına gelip horoza seslenmiş:

## قول قولدىن ئۈستۈندۇر

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خوراز بىلەن ئىت دوست بولۇپ بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ.

ئۇزۇن يول مېڭىپتۇ. ئەمما ئۆزلىرىگە ھېچبىر يېمەكلىك تاپالماپتۇ. ھاۋا قارىيىپ، كەچ بولغاندا بىر دەرەخنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. خوراز دەرەخ شېخىدا تۈنەپتۇ. ئىت دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

سەھەر، تاڭ سۆزۈلۈشكە باشلىغاندا، خوراز ئويغىنىپ چىللاشقا باشلاپتۇ. خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاچ بىر تۈلكە دەرھال دەرەخكە يېقىنلىشىپتۇ. خورازنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپتۇ. قىلىدىغان ئىش پەقەتلا ئۇنى ئالداپ پەسكە چۈشۈرۈش ئىكەن.

مۇشۇنداق ئويلاپ دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ، خورازغا دەپتۇ:

— Günaydın horoz kardeş! Sesini ta uzaklardan duydum da koşa koşa geldim buraya. Ne güzel ses bu böyle. İçim bir tuhaf oldu. Aşağıya bir in de, seni kucaklayıp tebrik edeyim.

Horoz tilkinin oyununu sezinlemiş. Ona:

— Tabii tilki kardeş, demiş. Hemen gelirim. Aşağıda kapıcım var. Ona söyle de kapıyı açsın. Ben de hemen inerim aşağıya.

Bu sırada ağacın kovuğunda bu konuşmaları dinleyen köpek öyle bir fırlamış ki dışarı, tilki ne yapacağını şaşırmış. Az önce horozu boğazlamayı düşünerek için için sevinirken bir anda köpeğin dişlerine boğazını kaptırmaktan kurtulamamış.

**• El elden üstündür. Başkalarına tuzak kuranlar, kurdukları tuzağa kendilerinin de düşebileceğini unutmamalıdır.**

- خەيرلىك سەھەر خوراز قېرىنداش! ئاۋازىڭنى تاكى ئۇزاقلاردىن ئاڭلاپ، يۈگۈرگەن پېتى كەلدىم. نىمدىگەن زىل ئاۋاز بۇ. كۆڭلۈم ئېچىلدى. پەسكە بىر چۈشكىنە، سېنى قۇچاقلاپ، تەبرىكلەي.

خوراز تۈلكىنىڭ ئويۇنىنى سېزىۋاپتۇ. ئۇنىڭغا:

- ئەلۋەتتە تۈلكە قېرىنداش، - دەپتۇ. - ھازىرلا كېلىمەن، پەستە ئىشىك باقارىم بار. ئۇنىڭغا دە، ئىشىكنى ئاچسۇن. مەنمۇ دەرھال پەسكە چۈشىمەن.

بۇ چاغدا دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىت، شۇنچىلىك تېز چىقىپتۇكى، تۈلكە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. بايىلا خورازنى بوغۇزلاشنى ئويلاپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنگەنىكەن، تۇيۇقسىزلا گېلىنى ئىتنىڭ چىشلىرىدا بوغۇلۇشتىن قۇتقۇزالماپتۇ.

**• قول قولدىن ئۈستۈندۇر. باشقىلارغا توزاق قۇرغانلار، قۇرغان تۇزاققا، ئۆزلىرىنىڭمۇ چۈشىدىغانلىقىنى ئۇنۇتمىسۇن.**



## GERÇEK DOST

İki kişi, ormanlık bir bölgede yolculuk ediyorlardı.

Bir tehlike anında birbirlerine yardım edeceklerine dair sözleşmişlerdi.

Ormanda yürürken, bir ayıya rastladılar.

Yolculardan biri can havliyle en yakın ağaca tırmandı.

Diğeri ise kendini yere attı.

Ayının ölmüş insana dokunmadığını bildiğinden ölmüş gibi hareketsiz kaldı.

Ayı geldi, adamı kokladı. Ağzını adamın kulağına yaklaştırdı.

Biraz sonra da hırlıya hırlıya uzaklaştı.

Ayı gözden kaybolunca, ağaçtaki adam yere indi.

## ھەقىقىي دوست

ئىككى كىشى، ئورمانلىق بىر يەردە سەپەر قىلىۋاتاتتى.

خەتەرلىك ئەھۋالدا بىر-بىرىگە ياردەم قىلىش ھەققىدە ۋەدىلەشكەن ئىدى.

ئورماندا كېتىۋاتقاندا بىر ئېيىققا ئۇچراپ قالدى.

يولۇچىلاردىن بىرى جان دەردى بىلەن ئەڭ يېقىن دەرەخكە ياماشتى.

يەنە بىرى ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

ئېيىقنىڭ ئۆلگەن ئادەمگە چېقىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆلگەندەك مىدىر-سىدىر قىلمىدى.

ئېيىق كەلدى ۋە ئادەمنى پۇرىدى. ئاغزىنى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يېقىنلاشتۇردى.

بىرئازدىن كېيىن خىرىلدىغان پېتى ئۇ يەردىن ئۇزاقلاشتى.

ئېيىق كۆزدىن غايىپ بولۇشى بىلەن تەڭ، دەرەختىكى ئادەم يەرگە چۈشتى.

Mahçup bir tavırla yoldaşına sordu:

— Ayının senin kulağına bir şeyler fısıldadığını gördüm, ne dedi?

Adam, tehlike anında kendi canından başka birşey düşünmeyen arkadaşına şu cevabı verdi:

— Bir daha senin gibi korkak ve bencil birinin sözüne güvenmememi söyledi.

• **Gerçek dost, kara günde belli olur.**

خىجىللىق بىلەن ھەمراھىدىن سورىدى:

- ئېيىقنىڭ سېنىڭ قۇلىقىڭغا پىچىرلىغىنىنى كۆردۈم، نېمە دېدى؟

ئادەم خەتەرلىك ئەھۋالدا ئۆز جېنىدىن باشقا نەرسە ئويلىمايدىغان دوستىغا شۇنداق جاۋاپ بەردى:

- ھەرگىز ساڭا ئوخشاش قورقۇنچاق ۋە شەخسىيەتچى بىرىگە ئىشەنمەسلىكىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

• **ھەقىقى دوست قىيىن كۈندە بىلىنىدۇ.**



## KÖTÜ KOMŞU

Yengeçle yılan evleri yanyana iki komşu imişler.

Yengeç ne kadar iyi kalpliyse, yılan da o denli kötü kalpliymiş.

Yengeç devamlı, yılana:

— Bak yılan kardeş, sevgili komşum, fenalıktan fayda gelmez. Birbirimize kötülük yapmadan geçinip gidelim. Ne sen zarar gör, ne ben göreyim, dermiş.

Yılan, bu sözleri alaylı alaylı dinler. İçinden de, “ah bir fırsatını bulsam da, şu yengeci haklasam, böylece onun evi de benim olur” diye düşünürmüş.

Yengeç, yılanın ne düşündüğünü iyi bilirmiş. Ona beklediği fırsatı vermemeye çalışırmış.

Yengeç, sabırla yılanın kötülüğü bırakacağını, barışa yanaşacağını beklerken, bir gün onun kendisine saldırı hazırlığına girdiğini görmüş. Akıllı davranıp, ona baskın fırsatı vermemiş. Kendisi

## ئوسال خوشنا

قسقۇچپاقا بىلەن يىلان ئۆيلىرى يانمۇيان ئىككى خوشنا ئىكەن.

قسقۇچپاقا قانچىلىك ئاق كۆڭۈل بولسا يىلانمۇ شۇنچىلىك قارا كۆڭۈل ئىكەن.

قسقۇچپاقا داۋاملىق يىلانغا:

- قارا يىلان قېرىنداش، سۆيۈملۈك خوشنام، يامانلىقتىن پايدا كەلمەس. بىربىرىمىزگە يامانلىق قىلماي ياشايلى. سەنمۇ زىيان تارتما، مەنمۇ زىيان تارتماي، - دەيدىكەن.

يىلان بۇ سۆزلەرنى مەسخىرە قىلغاندەك ئاڭلايدىكەن. ئىچىدە «ئاھ بىر پۇرسەت تېپىپ بۇ قسقۇچپاقىنى بىر يوقاتسام، مۇشۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئۆيىمۇ مېنىڭ بولاتتى» دەپ ئويلايدىكەن.

قسقۇچپاقا يىلاننىڭ نىمە ئويلايدىغىنىنى ياخشى بىلىدىكەن. ئۇنىڭغا كۈتكەن پۇرسەتنى بەرمەسلىككە تىرىشىدىكەن.

قسقۇچپاقا سەۋرچانلىق بىلەن يىلاننىڭ ئەسكىلىكنى تاشلىشىنى، تىنچلىقا كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندا، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئالدىن ئىش كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتى بەرمەپتۇ. ئۆزى ئۇنى

onu bastırıp öldürmüş.

Yaşarken kıvır kıvır olan yılanın, ölünce ip gibi dosdoğru uzanıp kaldığını gören yengeç, komşusunun cesedine şöyle seslenmiş:

— Yılan kardeş. Madem ki böyle dosdoğru olabiliyordun. Neden bunu sağken yapmadın? Böylece hem canından olmaz, hem -de beni komşusuz bırakmazdın.

**• İyilerin ölümüne herkes üzülür. Kötülerin ölümü ise, iyilere sevinç kaynağı olur.**

بىسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ھايات چېغىدا ئەگرى ـ بوگرى بولغان يىلاننىڭ، ئۆلگەندە يىپتەك تۈپتۈز بولغانلىقىنى كۆرگەن قىسقۇچپاقا خوشنىسىنىڭ جەسىتىگە مۇنداق دەپتۇ:

ـ يىلان قېرىنداش. دېمەك مۇشۇنداق تۈپتۈز بولالايتتىڭ. نېمىشقا بۇنى ھايات ۋاقتىڭدا قىلمىدىڭ؟ مۇشۇنداق بولغاندا ھەم جېنىڭدىن ئايرىلمىغان، ھەم مېنى خوشنىسىز قويمىغان بولاتتىڭ.

. ياخشىلارنىڭ ئۆلۈمىگە ھەركىم كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ. يامانلارنىڭ ئۆلۈمى بولسا، ياخشىلار ئۈچۈن سۆيۈنۈش مەنبەسى بولىدۇ.

. ياخشىدىن ئات قالىدۇ. ياماندىن داد.



## DOST MUSUN, DÜŞMAN MI?

Av köpeği, uzun bir takipten sonra, ardına düştüğü tavşanı yakalamış. Pençeleri arasına alıp iyice sıkmış. Korkudan tirtir titreyen zavallı tavşanı bir ısırıyor, bir yalıyormuş, hatta öpüyormuş.

Tavşan, bu garip duruma daha fazla dayanamamış. Köpeğe acı acı:

— Köpek kardeş, ne yapıyorsun böyle? diye sormuş. Önce düşman gibi ısırıyorsun, sonra da dost gibi okşuyor öpüyorsun. Benim canımı mı almak istiyorsun, yoksa merhamet mi ediyorsun, anlıyamadım bir türlü.

**• İki yüzlü insanların samimiyetlerine hiç güvenilmez. Ne zaman dost, ne zaman düşmanca davranacaklarını kestirmek güçtür.**

## دوستمۇ سەن، دۈشمەنمۇ؟

ئوۋ ئىتى خېلى ئۇزۇن قوغلىغاندىن كېيىن، پىشىگە چۈشكەن توشقاننى تۇتۇپتۇ. پەنجىلىرى ئارىسىغا ئېلىپ توشقاننى سىقىپتۇ. قورقۇپ دىر-دىر تىترەۋاتقان بىچارە توشقاننى بىر چىشلەپ، بىر يالايدىكەن، ھەتتا سۆيىدىكەن.

توشقان بۇ غەلىتە ئەھۋالغا كۆپ بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ. ئىتقا ئاچچىق ئاچچىق:

- ئىت بۇرادەر، نىمە قىلىۋاتىسەن، بۇنداق؟ - دەپ سوراپتۇ. ئاۋۋال دۈشمەندەك چىشلەيسەن، كېيىن دوستتا ئوخشاش سىلاپ سۆيىسەن. مېنىڭ جېنىمنى ئالماقچىمۇ سەن ياكى رەھىم قىلىۋاتامسەن، ھىچ چۈشىنەلمىدىم.

. ئىككى يۈزلۈك ئادەملەرنىڭ سەممىيىتىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. قاچان دوست، قاچان دۈشمەندەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىش تەس.



## KÖTÜLERE İYİLİK, KÖTÜLÜĞÜ ARTIRMAKTIR

Bir evin tavanında eşek arıları yuva yapmıştı. Ev sahibi korktu, yuvayı dağıtmak istedi.

Evin hanımı bu düşünceye karşı çıktı.

— Zavallı hayvanlardan ne istiyorsun? Evlerini yıkma, dedi.

Bir gün adamcağız işte iken, eşek arıları kadına saldırıp onu soktular. Kadıncağız feryad figan ederek sokağa fırladı.

Kocası işten gelip karısının halini görünce, ona:

— **Yakınmaya hakkın yok**, dedi. **Onları öldürme diyen sen değil miydin?**

- **Kötülere iyilik edersen, kötülüğü artırırsın.**
- **Köpeğin önüne sofra açma. Onun hakkı bir parça kemiktir.**
- **Kediyi çok okşarsan, güvercinlere saldırır.**
- **Kurdu naz ile beslersen Yusuf'u parçalar. Sağlam olmayan temele bina çıkma.**

(Gülistan ve Bostan'dan)

## يامانلارغا ياخشىلىق، ياماننىلىقنى ئاشۇرۇۋېتىشتۇر

بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئېشەك ھەرىلىرى ئۇۋا ياساپتۇ. ئۆي ئىگىسى قورقۇپ، ئۇۋىنى بۇزماقچى بوپتۇ.

ئۆينىڭ خانىمى بۇ ئويغا قارشى چىقىپتۇ.

- بىچارە جانىۋارلاردىن نېمە ئىستەيسەن؟ ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋەتمە، - دەپتۇ.

بىر كۈنى ئادەم ئىشقا كەتكەندە، ئېشەك ھەرىلىرى ئايالغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى چېقىپتۇ. ئايال دات-پەرياد قىلىپ تالاغا قېچىپتۇ.

ئېرى ئىشتىن كېلىپ ئايالىنىڭ ھالىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا:

- ئاغرىنىشقا ھەققىڭ يوق. ئۇلارنى ئۆلتۈرمە دېگەن سەن ئەمەسمىتىڭ؟

- **ياماڭغا ياخشىلىق قىلساڭ، ياماڭلىقنى ئاشۇرىۋېتىسەن.**
- **ئىتنىڭ ئالدىغا داستىخان ئاچما. ئۇنىڭ ھەققى بىر پارچە سۆڭەكتۇر.**
- **مۈشۈكنى بەك سىلىساڭ كەپتەرلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۆرىنى ياخشى باقساڭ يۈسۈپنى پارچىلار.**
- **پىششىق بولمىغان ئاساسقا بىنا قۇرما.**

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)



## ATEŞ BÖCEĞİ

Belki görmüşsünüzdür, geceleri ağaç dallarında, otların arasında ve kovuklarda bir böcek çıra gibi parlar.

Ateş böceği denen o böceğe sormuşlar:

— Ey geceleri parlayan böcek, neden gündüz ortalıkta görünmüyorsun?

Ateş böceği cevap vermiş:

— Ben gece de gündüz de ortadayım. Bir yere saklandığım yok. Fakat gündüzleri güneşin ışığının yanında, benimkisi görünmeyecek kadar sönükleşiyor.

(Gülistan ve Bostan'tan)

**• İnsan haddini bilmeli. Kendini tanımalı. Ateş böceğinin sönük ışığının, güneşin dünyamızı kuşatıcı aydınlığı yanında bir değer ifade etmiyeceğini unutmamalı.**

## پارقىراق قوڭغۇز

بەلكىم كۆرگەنسىلەر، كېچىلىرى دەرەخ شاخلىرىدا، ئوتلارنىڭ ئارىسىدا ۋە كاۋاكلاردا بىر ھاشارات چىراقتەك پارقىرايدۇ.

پارقىراق قوڭغۇز دېيىلگەن بۇ قوڭغۇزدىن سوراپتۇ:

- ئەي كېچىلىرى پارقىرايدىغان قوڭغۇز، نېمىشقا كۈندۈزى ئەتراپتا كۆرۈنمەيسەن؟

پارقىراق قوڭغۇز جاۋاپ بەردى:

- مەن كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ بار. بىر يەرگە مۆكۈۋالمىدىم. پەقەت كۈندۈزلىرى قۇياش نۇرىدا مېنىڭ نۇرۇم خىرەلىشىدۇ.

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)

. ئادەم ھەددىنى بىلىشى كېرەك. ئۆزىنى تونۇشى كېرەك. پارقىراق قوڭغۇزنىڭ خىرە نۇرىنىڭ، جاھاننى يورۇتىدىغان قۇياش نۇرى يېنىدا ئېتىبارسىز قالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.



## KENDİ BAL SATSA DA YÜZÜ SİRKE SATINCA...

Güleryüzlü bir balcı yaşardı bir zamanlar. Şehir şehir gezip bal satardı. Onun canayakın ve sevimli davranışları gönülleri yakar, eritirdi.

Sinekler gibi üşüşürdü müşteriler başına.

Bal yerine zehir bile satsaydı, yine herkes koşar gelirdi onun yanına.

Uğursuz, kıskanç ve geçimsiz bir komşusu vardı balcının.

İçindeki hased ateşiyle, balcının kazancını engellemek istedi. Ve ona rakip olarak bal satmaya karar verdi.

Başında bal tablası, **sirke gibi bir yüzle** köy köy, şehir şehir dolaşmaya başladı. Fakat balına, bırakın müşteri gelmek, sinek bi-le konmadı.

## ئۆزى ھەسەل ساتسىمۇ يۈزى سىركە ساتسا...

بۇرۇن خۇشخۇي بىر ھەسەلچى ياشايتتى. شەھەر شەھەر ئايلىنىپ ھەسەل ساتاتتى. ئۇنىڭ جانغا يېقىن ۋە خۇش مۇئامىلىسى، كۆڭۈللەرگە ئوت يېقىپ، ئېرىتەتتى.

چىۋىندەك ئولىشاتتى خېرىدارلار بېشىغا.

ھەسەل ئورنىغا زەھەر ساتسىمۇ، يەنە يۈگرەپ كېلەتتى ئۇنىڭ يېنىغا.

قارغىشتەككۈر، قىزغانچۇق ۋە جېدەلخور بىر خوشنىسى بار ئىدى ھەسەلچىنىڭ.

ئىچىدىكى ھەسەت ئوتى بىلەن ھەسەلچىنىڭ تاپاۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدى. ۋە ئۇنىڭغا رەقىپ بولۇپ، ھەسەل سېتىشقا قارار قىلدى.

بېشىدا ھەسەل قاچىسى، سىركە (ئاچچىقسۇ) كەبى بىر يۈز بىلەن يېزىمۇ-يېزا، شەھەرمۇ-شەھەر ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەمما ھەسىلىگە قويۇڭلار خېرىدار كېلىشنى، چىۋىنمۇ قونمىدى.

Akşam evine dönünce, eline beş para geçmemiş olduğunu gördü. Sinirlendi. İyice somurtarak bir köşeye oturdu.

Hanımı, onu bu halde görünce, şakayla karışık:

— **Ekşi suratlının balı acı olur**, diye takıldı.

- **Irmağın sıcak suyu, asık suratlının buz gibi şeker şerbetine tercih edilir.**
- **Kaşları sofra gibi çatılmışın ekmeği haramdır.**
- **Varsayalım altın, gümüş ve paran yok. Tatlı bir söz, güler bir yüzün de mi yok?**
-

(Gülistan ve Bostan'dan)

كەچتە ئۆيگە قايتقاندا، قولغا بەش پۇل كىرمىگەنلىكىنى كۆردى. ئاچچىقى كەلدى. پۇشۇلداپ بىر بۇلۇڭغا ئولتۇردى.

ئايالى ئۇنى بۇ ھالدا كۆرگەندە، چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ:

ـ سۆرۈن تەلەتنىڭ ھەسىلى ئاچچىق بولىدۇ، ـ دېدى.

. **ئۆستەڭنىڭ ئىسسىق سۈيى، سۆرۈن تەلەتنىڭ مۇزدەك شېكەر سۈيىدىن ياخشى.**

. **قاپىقىنى تۈرگەننىڭ نېنى ھارام.**

. **بولمىسا ئالتۇن كۈمۈش ۋە پۇلۇڭ، تاتلىق بىر سۆز، خۇشخۇي يۈزۈڭمۇ يوقمۇ؟**

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)



## İNSAN KÖPEKLEŞMEMELİ

Kırlarda yaşayan bir köpek, adamın birinin ayağını ısırdı.

Gece boyu ayağının acısından uyuyamadı adam.

Küçük kızı babasına acıdı. Fakat çıkışmaktan da geri durmadı:

— Senin dişin yok muydu baba? Sen de onun ayağını ısırsaydın.

Adam, hem acıyla kıvranıyor, hem de gülüyordu:

— Olmaz olur mu kızım, benim de dişlerim var. Üstelik onun ayağını koparacak kadar güçlü.

Fakat o dişleri, bir canlıyı ısırmakta kullanmak istemem.

Bu o denli iğrenç bir şeydir ki, biri eline bıçak alıp:

”Ya şu köpeğin ayağını ısıracaksın, ya da senin boynunu keserim” dese, yine bu işi yapmaya yanaşmam.

**• İnsan köpeğin yaptığını yapmamalı.**

(Gülistan ve Bostan’tan)

**• İnsanların ırz, namus ve şereflerini dişlemek te, bir çeşit köpekliktir. Mert kişiye yakışmaz.**

## ئىنسان ئىتنى دورىماسلىقى كېرەك

قىرلاردا ياشايدىغان بىر ئىت، بىر ئادەمنىڭ پاچىقىنى چىشلىۋالدى.

كېچىچە پۇتىنىڭ ئاغرىقىدىن ئۇخلىيالمىدى ئادەم.

كىچىك قىزىنىڭ دادىسىغا ئىچى ئاغرىدى. ئەمما يەنىلا چېقىشماي تۇرالمىدى:

- سېنىڭ چىشىڭ يوقمىدى دادا؟ سەنمۇ ئۇنىڭ پۇتىنى چىشلىسەڭ بولاتتى.

ئادەم ھەم ئاغرىقتىن تولغىناتتى، ھەم كۈلەتتى:

- بولمامدۇ قىزىم، مېنىڭمۇ چىشلىرىم بار. ھەم ئۇنىڭ پۇتىنى ئۈزىۋالغۇدەك كۈچلۈك.

ئەمما ئۇ چىشلارنى بىر جانلىقنى چىشلەشكە ئىشلىتىشنى خالىمايمەن.

بۇ شۇ قەدەر مەينەت نەرسىدۇركى، بىرسى قولىغا پىچاق ئېلىپ:

«يا شۇ ئىتنىڭ پۇتىنى چىشلەيسەن، ياكى سېنىڭ بوينۇڭنى كېسىمەن» دىسە، يەنىلا بۇ ئىشقا يېقىن كەلمەيمەن.

**. ئىنسان ئىتنىڭ قىلغىنىنى قىلماسلىقى كېرەك.**

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)

**. ئىنسانلارنىڭ ئار-نومۇس ۋە شەرەپلىرىنى چىشلەشمۇ بىر خىل ئىتلىكتۇر. مەرد كىشىگە ياراشماس.**

www.Mahinur.Com



## BOSTAN KORKULUĞU

Köylünün birinin eşeği ölmüştü. Adam eşeğin kafasını üzüm asmasına nazarlık gibi astı.

Gün görmüş geçirmiş bir ihtiyar, bu manzarayı görünce güldü. Ve şöyle söylendi:

— Bu zavallı hayvanın başından ve arkasından sopa eksik değildi. Yara bere içinde acı çekerek ölüp gitti. (Yani hayattayken kendini korumaktan acizdi.) Şimdi bostanı korumak, onun kafa iskeletine mi kaldı?

**• Kendisi hastalık pençesiyle ölüme yenilen bir hekim, hastanın acısını nasıl dindirebilir?...**

(Gülistan ve Bostan’dan)

## بوستان قورقۇنچى

بىر يېزىلىقنىڭ ئېشىكى ئۆلۈپ قالدى. ئادەم، ئېشەكنىڭ بېشىنى ئۈزۈم تېلىغا قارانچۇق قىلىپ ئاستى.

كۆپ ئىش كۆرگەن بىر بوۋاي بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۈلدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دېدى:

ـ بۇ بىچارە ھايۋاننىڭ باش ـ كۆزىدىن تاياق كام بولمايتتى. يارا ئىچىدە ئازاپ چېكىپ ئۆلدى. (يەنى ھايات چېغىدا ئۆزىنى قوغداشقا ئاجىز ئىدى.) ئەمدى بوستاننى قوغداش ئۇنىڭ باش سۆڭىكىگە قالدىمۇ؟

• ئۆزى ئاغرىق پەنجىسى بىلەن ئۆلۈمگە يېڭىلگەن بىر ھېكىم ئاغرىقنىڭ ئاغرىقىنى قانداق توختىتار.

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)



## ÇAYLAK İLE AKBABA

Akbaba çaylağa:

— Benim kadar uzağı gören bir kuş daha yoktur, dedi.

Çaylak:

— Söylemesi kolay, diye cevap verdi. Bu iddianı ispatlamadıkça inanmam.

— Ne yapmamı istersin? diye sordu akbaba.

Çaylak uzakları gösterdi.

— Bu ormanın çevresinde ne görüyorsun? dedi.

Akbaba keskin bakışlarını gösterilen yere çiviledi.

— Bir buğday tanesi görüyorum ilerde bir yerde, dedi. Gidip

## كۆكۆنەك بىلەن تازقارا

تازقارا كۆكۆنەك قۇشقا:

ـ ماڭا ئوخشاش يىراقنى كۆرىدىغان باشقا قۇش يوقتۇر، دېدى.

كۆكۆنەك قۇش:

ـ دېيىش ئاسان، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ گېپىڭنى ئىسپاتلىمىغۇچە ئىشەنمەيمەن.

ـ نېمە قىلىشىمنى خالايسەن؟ ـ دېدى تازقارا.

كۆكۆنەك قۇش يىراقلارنى كۆرسەتتى.

ـ بۇ ئورمانىنىڭ ئەتراپىدا نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ ـ دېدى.

تازقارا ئۆتكۈر بېقىشلىرى بىلەن كۆرسىتىلگەن يەرگە قارىدى.

ـ بىر بۇغداي دانىسى كۆرۈۋاتىمەن يىراقتا بىر يەردە، بېرىپ قاراپ

bakayım istersen.

Birlikte oraya indiler.

Akbaba tanenin bulunduğu yere yaklaşınca, tanenin üzerine doğru uçtu. Ama tuzağı farkedemedi.

**Her sedef, inci taşımaz içinde. Her atıcı, hedefi vuramaz.**

Çaylak tuzağa yakalanan akbabayla alay ederek:

— Ufacık taneyi görüp te altındaki koca tuzağı farkedemeyen gözü neyleyeyim ben? dedi.

— Kaderden sakınmak imkansızdır, diye cevapladı akbaba, ayağı tuzak ipine bağlıyken.

**• Ecel birinin kanına parmak batırmasın bir kez. İnce görüşlü gözünü de bağlar.**

(Gülistan ve Bostan'dan)

باقاي خالساڭ.

برلىكتە ئۇ يەرگە قوندى.

تازقارا دان بار تەرەپكە يېقىنلاشقاندا داننىڭ قېشىغا قاراپ ئۇچتى. ئەمما توزاقنى پەرق ئەتمىدى.

**ھەر سەدەپ مەرۋايىت توشۇماس ئىچىدە. ھەر مەرگەن نىشانغا توغرا تەككۈزەلمەس.**

كۆكۆنەك قۇش توزاققا چۈشكەن تازقارانى مەسخىرە قىلىپ:

- كىچىك داننى كۆرۈپ ئاستىدىكى چوڭ توزاقنى پەرق ئەتمىگەن كۆزنى نىمە قىلاي مەن؟ - دىدى.

- تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، - دەپ جاۋاپ بەردى تازقارا پۇتى توزاق يىپىغا باغلاغلىق ھالدا.

**. ئەجەل بىرىنىڭ قېنىغا بىرقېتىم بارماق تىقتىمۇ، ئۆتكۈر كۆزنىمۇ باغلار.**

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)



## YULARIM ELİMDE OLSA İDİ...

Sürekli gezinen deveye, yavrusu bir gün:

— Anne, dedi. Hep ayaktasın, yürüyorsun. Hiç dinlenmez misin sen? Biraz ara versen, uzanıp dinlersen.

— Yavrum, dedi anne deve, eğer yularım kendi elimde olsa idi, kimse kervanda yük taşırken göremezdi beni...

• **Gemici istediği kadar paralasın kendini. Allah rüzgarı dilediği yönde estirir, gemiyi istediği yöne yürütür.**

(Gülistan ve Bostan’dan)

## يۈگنىم قولۇمدا بولسا ئىدى...

توختىماي كېزىپ يۈرىدىغان تۆگىگە بالىسى بىر كۈنى :

ـ ئاپا، ـ دېدى. ـ مېڭىپلا يۈرسەن، ھېچ ئارام ئالمامسەن؟ بىرئاز توختىساڭ، يېتىپ ئارام ئالساڭ.

ـ بالام، دېدى ئانا تۆگە، ئەگەر يۈگىنىم قولۇمدا بولسا ئىدى ھېچكىم كارۋاندا يۈك توشۇۋاتقاندا كۆرمەيتتى مېنى...

**. كېمىچى خالىغىنىچە ھەپىلەشسۇن. ئاللاھ شامالنى خالىغان تەرەپكە بۇيرۇپ، كېمىنى خالىغان تەرەپكە ھەيدەيدۇ.**

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)



## KISMETİNE RAZI OL!

Yoksul bir kocakarının evine alışan, ama karnı bir türlü doymayan kedi, bu sefaletten usanmış; bolluk içinde yaşamak ümidiyle padişahın sarayına gitmişti.

Padişahın adamları, görünce içeri sokmadılar, okladılar hayvanı.

Zavallı kedi, can havliyle kan revan içinde kaçarken, bir yandan da şöyle diyordu:

— Eğer kurtulur sağ kalırsam, ihtiyarın yoksulluk evinde fareyle arkadaş olacağım.

• **Arkadaş! Kısmetine razı ol ki, rahat edesin.**

(Gülistan ve Bostan'dan)

## قىسمىتىڭگە رازى بول!

كەمبەغەل بىر ئەر ـ ئايالنىڭ ئۆيىگە كۆنۈپ قالغان ئەمما قوسقى تويمايدىغان بىر مۈشۈك بۇ نامراتچىلىقتىن زېرىكىپتۇ؛ توقلۇق ئىچىدە ياشاش ئۈمىدى بىلەن پادىشاھنىڭ سارىيىغا كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى كۆرۈپ ئىچىگە كىرگۈزمەپتۇ ۋە ئوق ئېتىپتۇ ھايۋانغا.

بىچارە مۈشۈك جان دەردىدە، قان ـ تەر ئىچىدە قېچىۋېتىپ، بىر ياندىن مۇنداق دەيتتى:

ـ ئەگەر قۇتۇلۇپ ساق قالسام، قېرىنىڭ يوقسۇل ئۆيىدە چاشقان بىلەن دوست بولىمەن.

**. دوستۇم! قىسمىتىڭگە رازى بولغىنكى، راھەت ياشايسەن.**

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)



## YOLCU VE EŞEK

Yolda bineksiz kalmış olan biri:

— Bu çölde benden daha güçsüzü var mı acaba? diye sızlanıyordu.

Sırtındaki ağır yükten bunalmış olan bir eşek:

— Ey akılsız diye çıkıştı ona. Halinde ne var ki, feleğin cevrinden şikayet ediyorsun?

—Yürü yoluna devam et.

**• Altında bir binek yoksa da, benim gibi sırtında yük taşımıyorsun ya...**

(Gülistan ve Bostan'dan)

## يولۇچى ۋە ئېشەك

يولدا ئۇلاغسىز قالغان بىرسى:

ـ بۇ چۆلدە مەندىن كۈچسىز بىرى بارمۇ ئەجىبا؟ ـ دەپ يىغلاۋاتاتتى.

ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكتىن جېنى سىقىلغان بىر ئېشەك:

ـ ھەي ئەقىلسىز، ـ دەپ چېقىشتى ئۇنىڭ بىلەن. قايسى ھالىڭغا پەلەكتىن شىكايەت قىلىسەن؟

ـ ماڭ يولۇڭغا داۋاملىق.

. ئاستىڭدا ئۇلاغ بولمىسىمۇ ماڭا ئوخشاش يۈك كۆتۈرمەيۋاتىسەن يا...

(«گۈلىستان ۋە بوستان» دىن)



## TAVŞANIN ARKADAŞLARI

Tavşanın hayvanlar dünyasında bir zamanlar pek çok arkadaşı vardı. Kendisinin çok sevildiğini sanırdı.

Günün birinde, av köpeklerinin kendi üzerine doğru geldikleri-ni gördü tavşan. Kaçma ihtiyacı duymadı. “Bu kadar çok seveni bulunan bir yaratık niye kaçsın?” diye düşündü.

Önce dostu ata yaklaştı. Kendisini köpeklerden koruması için, sırtında taşımasını istedi.

Fakat at, af diledi. Yapacak çok önemli işi olduğunu söyledi.

Tavşan, bunun üzerine dostu boğaya yaklaştı. Ondan koruma istedi. Boğa da at gibi özür diledi. Ona keçiye gitmesini söyledi.

Tabii ki, tavşanın can dostu keçinin de işi vardı. Tavşan, keçi-den sonra eşeğe başvurdu. O da yardım etmeye yanaşmadı. Hay-vanların hepsi de tavşanı çok sevdiklerini, yardım etmek istedikle-rini, ancak o anda yapmaları gereken çok önemli bir işleri olduğu-

## توشقاننىڭ دوستلىرى

توشقاننىڭ ھايۋانلار دۇنياسىدا بۇرۇن بىرمۇنچە دوستى بار ئىدى. ئۆزىنى بەك سۆيۈملۈك دەپ ئويلايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوۋ ئىتلىرىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى توشقان. قېچىشقا ھاجەت يوق دەپ ئويلىدى. «شۇنداق جىق دوستلىرى بولغان بىر جانىۋار نىمىشقا قاچسۇن؟» دەپ ئويلىدى.

ئاۋۋال دوستى ئاتقا يېقىنلاشتى. ئۆزىنى ئىتلاردىن قوغداش ئۈچۈن، ئۈستىگە مىندۈرۈشنى ئىستىدى.

ئەمما ئات كەچۈرۈم سورىدى. قىلىدىغان بەك مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتتى.

توشقان ئۇنىڭدىن كېيىن دوستى بۇقىغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قوغداشنى ئىستىدى. بۇقىمۇ ئاتقا ئوخشاش كەچۈرۈم سورىدى. ئۇنىڭغا ئۆچكىنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئېيتتى.

ئەلۋەتتە، توشقاننىڭ جان دوستى ئۆچكىنىڭمۇ ئىشى بار ئىدى. توشقان ئۆچكىدىن كېيىن ئېشەكنىڭ قېشىغا باردى. ئۇمۇ ياردەمگە كەلمىدى . ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى توشقاننى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقلىرىنى، ئەمما ئۇ ئان قىلىشى كېرەك بولغان مۇھىم ئىشلىرى بارلىقىنى ئېيتىشتى. توشقان

nu ileri sürüyorlardı. Tavşan, dostlarını yardım isteyerek dolaşırken, bu arada av köpekleri de kendisine iyice yaklaşmışlardı.

Dostlarının varlığına güvenerek beklemenin faydasız olduğunu gören tavşan, çareyi kurtuluş için kaçmakta buldu. En güvenli yolun, kendi ayaklarına güvenmek olduğunu anladı. Olanca hızı ile, köpeklerden uzaklaşıp canını kurtardı.

**• Arkadaşlarının çokluğuna güvenme. İnsanların çoğu iyi gün dostudurlar. Gerçek dostluk, kara günde belli olur.**

دوستلىرىدىن ياردەم ئىستەپ ئايلىنىۋاتقاندا، ئوۋ ئىتلىرىمۇ ئۇنىڭغا بەكلا يېقىنلاپ قالغانىدى.

دوستلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ كۈتۈشنىڭ پايدىسىز بولغىنىنى كۆرگەن توشقان چارىنى قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىشتا تاپتى. ئەڭ ئىشەنچلىك يولنىڭ ئۆز پۇتلىرىغا ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بار كۈچى بىلەن ئىتلاردىن ئۇزاقلىشىپ جېنىنى قۇتقۇزدى.

**. دوستلىرىڭنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشەنمە. ئادەملەرنىڭ كۆپى ياخشى كۈندە دوستتۇر. ھەقىقى دوست قېيىن كۈندە بىلىنىدۇ.**



## YOKSUL, AMA ÖZGÜR...

Bir kent faresi ile kır faresi arkadaş olmuşlar.

Bir gün kent faresi, kır faresi arkadaşını evine yemeğe çağırmış.

— Gel de sana baklavalı börekli bir ziyafet çekeyim. Şimdiye kadar yemediğin yemeklerden sana tattırayım, demiş.

Yoksul kır faresi, bu davete çok sevinmiş. Ziyafete koşa koşa gitmiş. Bakmış ki, dostu kent faresi, gerçekten de ona görkemli bir sofra hazırlamış. Ömründe görmediği pek çok yiyeceklerle sofrayı donatmış.

Tam yemeğe başlıyacakları sırada, bazı gürültü ve patırtılar duymuşlar. Kent faresinin beti, benzi atmış. Yüzü kireç gibi olmuş.

Kulaklarını dikip çevreyi dinlemiş. Sonra kısık bir sesle:

— Yürü, çabuk düş ardıma, burası güvenli değil demiş.

Soluk soluğa dar bir kovuğa kendilerini zor atmışlar.

## كەمبەغەل، ئەمما ئەركىن...

بىر شەھەر چاشقىنى بىلەن ئېتىز چاشقىنى دوست بولۇپتۇ.

بىر كۈنى شەھەر چاشقىنى، ئېتىز چاشقىنى دوستىنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ.

- كەل، ساڭا قاتلىما ۋە تاتلىق-تۇرۇملۇق بىر زىياپەت بېرەي. ھازىرغىچە سەن يەپ باقمىغان يېمەكلىكلەردىن ساڭا يېگۈزەي، - دەپتۇ.

كەمبەغەل ئېتىز چاشقىنى، بۇ تەكلىپتىن بەك خۇشال بوپتۇ. زىياپەتكە يۈگۈرگەن ھالدا كېتىپتۇ. كۆرۈپتۇكى، دوستى شەھەر چاشقىنى راستىنلا ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك بىر داستىخان ھازىرلاپتۇ. ئۆمرىدە كۆرمىگەن ھەرخىل يېمەكلىكلەر بىلەن داستىخاننى بېزەپتۇ.

دەل تاماققا ئولتۇرغاندا، گۈلدۈر-گۈلدۈر، شاپۇر-شۇپۇر ئاۋاز ئاڭلاپتۇ. شەھەر چاشقىنىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، يۈزلىرى تاتىرىپ كېتىپتۇ.

قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئەتراپىنى تىڭشاپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەس بىر ئاۋاز بىلەن:

- يۈر، چاققان كەينىمدىن ماڭ، بۇيەر بىخەتەر ئەمەس، - دەپتۇ.

ھاسىراپ-ھۆمدەپ تار بىر كامارغا ئۆزلىرىنى تەستە ئېتىپتۇ.

— Kedi mi? diye sormuş kır faresi.

— Belki.

— Yoksa insanoğlu mu?

— O da olabilir.

Korkudan yürekleri çarpa çarpa beklemişler.

Sonunda, kent faresi, “tamam tehlike geçti” demiş misafirine, mahçup bir sesle. Haydi  buyur sofraya yemekleri soğutmayalım.

Kır faresi, bir arkadaşının haline bakmış, bir de sofradaki yemeklere:

— İstemem, eksik olsun böyle ziyafet, demiş. Bu korku içinde yediklerim gönül rahatlığı ile boğazımdan geçmez. İyisi mi sen kalk bize yemeğe gel. Gerçi senin gibi baklava börekli zengin bir sofra kuramam sana ama, orada hiç değilse ne kedi korkusu duyarsın, ne de insanoğlu korkusu... Benim evimde acı soğan, tatlılaşır, kuru ekmek te baklava böreğe döner...

**• Yoksul, ama özgür olmak; varlık içinde, fakat baskı altında yaşamaktan daha iyidir. İnsan lüks hayat olmadan da yaşabilir, lâkin hürriyetsiz edemez.**

ـ مۈشۈكمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ ئېتىز چاشقىنى.

ـ بەلكى.

ـ ياكى ئادەممۇ؟

ـ ئۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قورقۇنچتىن يۈرەكلىرى پوكۇلداپ ساقلاپتۇ.

ئاخىرى شەھەر چاشقىنى «بولدى، خەتەر ئۆتتى» دەپتۇ مېھمىنىغا، خىجىلچىلىق ئىچىدە. كەل داستىخانغا، تاماقلارنى سوۋۇتمايلى.

ئېتىز چاشقىنى بىر دوستىنىڭ ھالىغا قاراپتۇ، بىر داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرگە:

ـ خالىمايمەن، كەم قالسۇن بۇنداق زىياپەت، دەپتۇ. بۇ دەككە ـ دۈككىدە يېگەنلىرىم كۆڭۈل راھەتلىكى بىلەن گېلىمدىن ئۆتمەس. ياخشىسى سەن قوپ، بىزگە مېھماندارچىلىققا كەل. ئەمەلىيەتتە ساڭا ئوخشاش قاتلىما ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملۈك، مول بىر داستىخان تەييارلىيالمايمەن ساڭا، ئەمما ئۇ يەردە ھېچ بولمىسا يا مۈشۈك قورقۇنچى يوق يا ئادەم قورقۇنچى... مېنىڭ ئۆيۈمدە ئاچچىق پىياز تاتلىق تېتىيدۇ، قۇرۇق نان بولسا قاتلىما ۋە تاتلىق تۈرۈمگە ئايلىنىدۇ...

**. يوقسۇل، ئەمما ئەركىن بولۇش؛ مال ـ دۇنيا ئارىسىدا بېسىم بىلەن ياشاشتىن ياخشىراقتۇر. ئىنسان باياشات بولمىسىمۇ ياشىيالايدۇ، لېكىن ھۆررىيەتسىز ياشىيالمايدۇ.**



## YARIŞI KİM KAZANDI?

Tavşan, hızlı koşmasıyla övünürmüş. Kiminle yarışsa onu geçeceğini ileri sürer,

— Şüphesi olan varsa, onunla yarışmaya varım, dermiş.

Bir gün, kaplumbağa, kibirli tavşana, iddiasız bir sesle,

— Ben, seninle yarışmaya varım, demiş.

Tavşan, bu teklifi kahkahalarla karşılamış.

— Bu benim için iyi bir eğlence olacak demiş.

Yarış yolu saptanmış. Başlama işareti verilmiş.

Tavşan, yüzde yüz kazanacağından emin, önce biraz ot yemiş. Sonra kaplumbağayı iyice küçük düşürmek için, biraz yatıp uyuyayım, demiş.

## مۇسابىقىدە كىم قازاندى؟

توشقان تېز يۈگرەيدىغانلىقى ئۈچۈن ماختىنىدىكەن. كىم بىلەن مۇسابىقىگە چۈشسە، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ:

- شۈبھىسى بولغانلار بولسا، مۇسابىقىگە چۈشۈشكە تەييارمەن، - دەيدىكەن.

بىر كۈنى تاشپاقا توشقانغا ئادەتتىكىچە:

- مەن سەن بىلەن مۇسابىقىگە چۈشىمەن، - دەپتۇ.

توشقان بۇ تەكلىپكە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

- بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى بىر كۆڭۈل ئېچىش بولىدۇ، - دەپتۇ.

مۇسابىقە يولى بېكىتىلىپتۇ. باشلاش ئىشارىتى بېرىلىپتۇ.

توشقان يۈزدە يۈز يېڭىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئاۋۋال ئازراق ئوت يەپتۇ. كېيىن تاشپاقىنى بەك ئېتىبارغا ئالمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئازراق يېتىپ ئۇخلاي، دەپتۇ.

Kaplumbağa yavaş, ama gayretli ve düzenli adımlarla bitişe yavaş, ama doğru yürümeye devam ediyormuş. Tavşan, kaplumbağa ile alay ederken, sahiden uykuya dalmış.

Uykudan uyandığında, şaşırıp kalmış. Çünkü kaplumbağa bitiş çizgisine varmak üzereymiş. Uyku sersemliğiyle ne yapacağını şaşırmış. Sonra da bütün gücüyle koşmaya başlamış.

Ama bu arada kaplumbağa da yarışı tamamlamış.

Koşmaktan nefes nefese kalan kibirli tavşanın, artık utançtan kimseye bakacak yüzü kalmamış.

**• Başarı için sadece yetenekli olmak yeterli değildir. Sabırlı ve düzenli çalışmaya, gayretli olmaya da ihtiyaç vardır.**

تاشپاقا ئاستا، ئەمما غەيرەت بىلەن، بىرخىل قەدەملەر بىلەن ئاخىرقى نۇقتىغا قاراپ ئاستا مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. توشقان تاشپاقىنى كۆزگە ئىلماستىن راستىنلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىدا ھەيران قاپتۇ. چۈنكى تاشپاقا ئاخىرقى نۇقتىغا باراي دەپ قاپتۇ. ئۇيقۇچىلىقتا نىمە قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ. كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگرەشكە باشلاپتۇ.

ئەمما بۇ چاغدا تاشپاقا مۇسابىقىنى تاماملاپتۇ.

يۈگرەپ ھاسىراپ كەتكەن مەغرۇر توشقاننىڭ ئەمدى خىجىللىقتىن ھېچكىمگە قارايدىغان يۈزى قالماپتۇ.

**. غەلىبە ئۈچۈن پەقەتلا قابىلىيەتلىك بولۇش يەتمەس. سەۋر-تاقەت ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش، غەيرەتلىك بولۇشقىمۇ ئېھتىياج بار.**



## BÜLBÜLÜN SESİ KARIN DOYURMAZ

Çaylak, aç karnına göklerde dolaşırken, ormanda bir şakıma sesi duymuş. Bunun bir bülbül sesi olduğunu anlayınca,

— Bir bülbül, ufacık bir lokma, ama ne yapalım bugünlük kısmetimiz buymuş, demiş.

Süzülerek ormana inmiş, bülbülü bulunca, pençesi ile zavallı hayvanı yakalamış.

Bülbül yalvarmaya başlamış:

— Beni yiyeceksin de ne geçecek eline. Etim dişinin kovuğunu bile doldurmaz. Zaten bülbül deyince, kimsenin aklına etim gelmez.

— Ya neyin gelir? diye sormuş çaylak.

## بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى قورساق تويغۇزماس

كۆكۆنەك، ئاچ قورساق ئاسماندا ئايلىنىۋېتىپ ئورماندا بىر ناخشا ئاۋازى ئاڭلاپتۇ. بۇنىڭ بىر بۇلبۇل ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىپلا:

ـ بىر بۇلبۇل كىچىك بىر پارچە لوقما، ئەمما نېمە دېگۈلۈك، بۈگۈنلۈك قىسمىتىمىز بۇ ئوخشايدۇ، ـ دەپتۇ.

شۇڭغۇغان پېتى ئورمانغا قونۇپتۇ، بۇلبۇلنى تاپقاندا، پەنجىسى بىلەن بىچارە قۇشنى تۇتۇۋاپتۇ.

بۇلبۇل يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

ـ مېنى يەسەڭ نېمىگە ئېرىشلەيسەن. گۆشۈم چىشىڭنىڭ كاۋىكىنىمۇ توشقۇزمايدۇ. زادى بۇلبۇل دېگەندە، ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە گۆشۈم كەلمەس.

ـ ئۇنداقتا نىمەڭ كېلىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى كۆكۆنەك قۇش.

— Sesim gelir, demiş bülbül. Ben, kuşların içinde sesi en güzel olan kuşum. En güzel aşk türkülerini ben söylerim. Güle olan sevgimi herkes bilir.

— Öyle mi? demiş çaylak. Ama benim karnım aç. Türkü dinleyecek lüks benim neyime. Senin sesin, tok adamların kulağına hoş gelir, ama benim gibi açların midesini doyurmaz.

Bu sözleri söyledikten sonra, bülbülü bir lokmada yutup açlığını yatıştırmış.

**• Aç insan, ancak midesinin zil sesini duyar. Karnı tok, sırtı pek olanlara keyif veren haller, aç olanların sadece midesini ağrıtır.**

ـ ئاۋازىم كېلىدۇ. مەن قۇشلارنىڭ ئىچىدە ئاۋازى ئەڭ يېقىملىق بولغان قۇش. ئەڭ يېقىملىق ئاشىق ناخشىلىرىنى مەن ئېيتىمەن. گۈلگە بولغان ئىشقىمنى ھەممىسى بىلىدۇ.

ـ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپتۇ كۆكۆنەك قۇش. ئەمما مېنىڭ قورسىقىم ئاچ. ئەڭ يېقىملىق ئاشىق ناخشىلىرى ئاڭلايدىغان كەيىپ ماڭا نەدە. سېنىڭ ئاۋازىڭ، قورسىقى توق ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا خۇش كېلىدۇ، ئەمما ماڭا ئوخشاش ئاچلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزالمايدۇ.

بۇ سۆزلەرنى دىگەندىن كېيىن بۇلبۇلنى بىر لوقمىدا يۇتۇپ ئاچلىقىنى بېسىپتۇ.

**. ئاچ ئىنسان پەقەت ئاشقازىنىنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلار. قورسىقى توق، سىرتى پۈتۈن بولغانلارغا كەيىپ بېرىدىغان ئەھۋاللار، ئاچ بولغانلارنىڭ پەقەت ئاشقازىنىنى ئاغرىتۇر.**



## GİDEN AĞAMSA, GELEN PAŞAM

Bir eşek ile sahibi, köyden kente gidiyorlarmış. Yolda eşeğin sahibinin karnı acıkmış. Bir su kenarında mola vermiş. Kendi yemek yerken, eşeği de otlasın diye çayıra salmış.

Yemekten sonra, adamın üstüne tatlı bir uyku çökmüş. Yatmış uyumuş. Adam uykudayken, bir grup eşkiya onların bulunduğu bölgeye doğru yaklaşıyormuş. Eşkiyanın çıkardığı gürültüden uyanan adam, eşeğine:

— Aman, yürü! Buradan hemen kaçalım, demiş. Eşek:

— Niye kaçacak mışız? diye sormuş.

Adam:

— Görmüyor musun, eşkiyalar geliyor. Ellerine geçersek halimiz ne olur? demiş. Eşek:

— Yani bize ne yaparlar? diye sormuş.

Adam:

## كەتكەن ئاكام بولسا، كەلگەن پاشام

بىر ئېشەك بىلەن ئىگىسى يېزىدىن بازارغا قاراپ كېتىۋاتقان ئىكەن. يولدا ئېشەكنىڭ ئىگىسىنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ. بىر سۇ بويىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆزى تاماق يەۋاتقاندا، ئېشەكنىمۇ ئوتلىسۇن دەپ يايلاققا قويۇپ بېرىپتۇ.

تاماقتىن كېيىن، ئادەمنى تاتلىق بىر ئۇيقۇ بېسىپتۇ. يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئادەم ئۇخلاۋاتقاندا، بىر توپ قاراقچى ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ. قاراقچىنىڭ چىقارغان ئاۋازىدىن ئويغانغان ئادەم، ئېشىكىگە:

ـ ۋاي ئاللا، يۈر! بۇ يەردىن دەرھال قاچايلى، ـ دەپتۇ.

ئېشەك:

ـ نىمىشقا قاچىدىكەنمىز؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ئادەم:

ـ كۆرمىدىڭمۇ قاراقچىلار كېلىۋاتىدۇ. قوللىرىغا ئۆتسەك ھالىمىز نىمە بولار، ـ دەپتۇ. ئېشەك:

ـ يەنى بىزگە نىمە قىلىدۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ئادەم:

— Beni soyup soğana çevirirler, belki de kıtır kıtır keserler, demiş.

— Peki bana ne yaparlar, çifte semer vururlar mı? demiş eşek.

— Hayır vurmazlar, demiş adam.

— Taşıyacağımdan fazla yük yüklerler mi peki?

— Hayır yüklemezler.

— Öyleyse, ha onlar olmuş, ha sen... demiş eşek. Aranızda ne fark var? Aynı muameleyi gördükten sonra, benim açımdan değişen bir şey yok. Sen dilediğini yap. Ben olduğum yerde kalıyorum. Giden ağamsa, gelen paşam benim için...

• **Gelenle giden arasında hiçbir fark yoksa, ne gidene yas tutmalı insan, ne de gelene alkışçı olmalı...**

- مېنى سويۇپ پىيازغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ، بەلكى مېنى كېتىر-كېتىر كېسىشى مۇمكىن، - دەپتۇ.

- ئۇنداق بولسا مېنى نىمە قىلىدۇ، قوش يۈگەن تاقامدۇ؟ - دەپتۇ.

- ياق، - دەپتۇ ئادەم.

- كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر يۈك يۈكلەمدۇ؟

- ياق، يۈكلىمەيدۇ.

- ئۇنداق بولسا ئۇلار بولسا نىمە بوپتۇ، سەن بولساڭ نىمە... دەپتۇ ئېشەك. ئاراڭلاردا نىمە پەرق بار؟ ئوخشاش مۇئامىلىنى كۆرگەندىن كېيىن مېنىڭ ھالىمدا ئۆزگىرىدىغان بىر نەرسە يوق. سەن خالىغىنىڭنى قىل. مەن تۇرغان يېرىمدە قالىمەن. كەتكەن ئاكام بولسا، كەلگەن پاشام مېنىڭ ئۈچۈن...

**. كەلگەن بىلەن كەتكەننىڭ ئارىسىدا ھېچبىر پەرق بولمىسا، يا كەتكەنگە ياش تۆكمەسلىكى كېرەك ئىنسان، يا كەلگەننى ئالقىشلىماسلىقى...**



## İNCİ BULAN HOROZ

Horozun biri, kümesin içinde sıkıntıyla dolanıp duruyormuş.

Sahibi o gün, ona yem vermeyi unuttuğu için, karnı açlıktan zil çalıyormuş.

Bir böcek veya solucan bulup karnını doyurmak umudu ile toprağı eşelemeğe başlamış.

Toprağı ayakları ve gagasıyla eşelerken, yuvarlak, sert ve parlak bir cisim bulmuş.

Bulduğu şeyi dikkatle inceleyen horoz, bunun bir inci tanesi olduğunu anlayınca, boynunu üzüntüyle bükmüş.

— Ne büyük talihsizlik, demiş.

Bir inci tanesi bulacağıma keşke bir mısır tanesi bulsaydım... Benim için ne iyi olurdu.

**• Bir eşya, ancak ona ihtiyaç duyulduğunda değer kazanır.**

**• İnsan için, bir servet kıymetinde olan inci tanesi, aç horozun yanında bir mısır tanesi kadar değer taşımaz.**

## مەرۋايىت تاپقان خوراز

بىر خوراز قۈمىنىڭ ئىچىدە جىنى سىقىلىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئىگىسى ئۇ كۈنى، ئۇنىڭغا يەم بېرىشنى ئۇنتۇغاچقا قورسىقى ئاچلىقتىن زىل چېلىۋاتاتتى.

بىر قۇرۇت ياكى بىر سازاڭ تېپىپ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈمىدى بىلەن تۇپراقنى كولاشقا باشلاپتۇ.

تۇپراقنى پۇتى ۋە تۇمشۇقى بىلەن كولاۋاتقاندا يۇمىلاق، قاتتىق ۋە پارلاق بىر جىسىم تېپىپتۇ.

تاپقان نەرسىنى دىققەت قىلىپ كۆزەتكەن خوراز، بۇنىڭ بىر مەرۋايىت دانىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، مەيۈس ھالدا بويىنىنى پۈكتى.
- نىمە دېگەن تەلەيسىزلىك، - دەپتۇ.
- بىر مەرۋايىت دانىسى تاپماي، كاشكى بىر قوناق دانىسى تاپسامچۇ، مېنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

. بىر ئەشيا پەقەت ئېھتىياج چۈشكەندە ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ.

. ئىنسان ئۈچۈن بىر بايلىق ئورنىدا بولغان مەرۋايىت دانىسىنىڭ، ئاچ خورازنىڭ يېنىدا بىر قوناقچىلىك قىممىتى يوق.



## HERKESE KENDİ YAVRUSU ŞİRİN GÖRÜNÜR

Kartalla baykuş dost olmuşlar. Aralarında bir de birbirlerinin yavrularını yemeyeceklerine dair sözleşmişler.

Baykuş, kartala sormuş:

— Sen benim yavrularımı görsen tanır mısın?

— Hayır, demiş kartal. Yavrularını ya bana göster, ya da iyice tarif ediver.

Baykuş başlamış anlatmaya:

— Benim yavrularım, yavruların en sevimlisidir. Görünce hemen tanırsın o şirin şeyleri...

Böylece, anlaşmaya varmışlar.

Çok geçmeden, baykuşun bir sürü yavrusu olmuş.

Kartal, bir akşam üzeri, gökyüzünde aç halde uçuyor, kendine yem arıyormuş. Bir viranelikte bir sürü kuş yavrusu görmüş. Yav-

## ھەركىمگە ئۆز بالىسى تاتلىق

بۈركۈت بىلەن مۈشۈكياپىلاق دوست بولۇپتۇ. ئۆز-ئارا بىر-بىرىنىڭ بالىلىرىنى يېمەسلىككە دائىر ۋەدە بېرىشىپتۇ.

مۈشۈك ياپىلاق بۈركۈتتىن سوراپتۇ:

- سەن مېنىڭ بالىلىرىمنى كۆرسەڭ تونۇمسەن؟

- ياق، - دەپتۇ بۈركۈت. - بالىلىرىڭنى يا ماڭا كۆرسەت ياكى ياخشىراق تەرىپلەپ بەر.

مۈشۈك ياپىلاق باشلاپتۇ تەرىپلەشنى:

- مېنىڭ بالىلىرىم بالىلارنىڭ ئەڭ ئوماقلىرىدۇر. كۆرسەڭ دەرھال تونۇيسەن ئۇ شېرىن-شېكەرلەرنى...

مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇلار كېلىشىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي مۈشۈكياپىلاق بىرمۇنچە بالا چىقىرىپتۇ.

بۈركۈت بىركۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاسماندا ئاچ ھالدا ئۇچۇپ ئۆزىگە يەم ئىزدەۋاتاتقانىكەن. بىر ۋەيرانىلىكتە بىرمۇنچە قۇش بالىسى كۆرۈپتۇ. بالىلار ناھايىتى سەت ئىكەن. ئاۋازلىرى ھەم

rular son derece çirkin imişler. Üstelik te bed sesleri varmış. Kartal kendi kendine düşünmüş:

— Bu yavrular, dostum baykuşun yavruları olamaz. Çünkü o, yavrularının çok güzel olduklarını söyledi.

Kartal, bu düşünceyle, baykuş yavrularını bir çırpıda yemiş, karnını güzelce doyurduktan sonra, oradan uzaklaşmış.

Baykuş, yuvasına geri döndüğünde, gördüğü manzaradan dolayı dövünüp ağlamaya başlamış. Bir taraftan da dostu kartalı, sözünü tutmamakla suçluyormuş.

Oradan geçmekte olan bilge bir baykuş:

— Boşuna ağlama! demiş. Suç sende. Sen kartala yavrularını doğru anlatmasını bilemedin. Dünyada herkese, kendi yavrusu, en sevimli ve en güzel gelir. Kartal, bunu nasıl düşünsün? Gördüğü çirkin yavruların, senin çok şirin bulduğun baykuş yavruları olduğunu nerden bilsin?

- **Herkese, kendi yavrusu şirin görünür.**
- **Güzellik izafi bir kavramdır kişiden kişiye değişir.**

بەك يېقىمسىزكەن. بۈركۈت ئۆزىچە ئويلاپتۇ.

- بۇ بالىلار دوستۇم مۈشۈك ياپىلاقنىڭ بالىلىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ بالىلىرىنىڭ بەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

بۈركۈت بۇ ئويى بىلەن مۈشۈكياپىلاق بالىلىرىنى بىر تىنىقتىلا يەپتۇ، قورسىقىنى بىر ئوبدان تويغۇزغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن ئۇزاقلىشىپتۇ.

مۈشۈكياپىلاق ئۇۋۇسىغا قايتقىنىدا ئۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بىر تەرەپتىن دوستى بۈركۈتنى سۆزىدە تۇرمىغىنى ئۈچۈن ئەيىبلەپتۇ.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىلىملىك بىر مۈشۈك ياپىلاق:

- بىكارغا يىغلىما! - دەپتۇ.

- ئەيىب سەندە. سەن بۈركۈتكە بالىلىرىڭنى توغرا تەرىپلەشنى بىلەلمىدىڭ. دۇنيادا ھەركىمگە ئۆز بالىسى ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە گۈزەل كۆرۈنىدۇ. بۈركۈت بۇنى قانداقمۇ چۈشىنىپ يەتسۇن؟ كۆرگەن سەت بالىلارنىڭ سېنىڭ ئەڭ ئوماق دەپ قارىغان مۈشۈكياپىلاق بالىلىرى بولغىنىنى قانداق بىلسۇن؟

. ھەركىمگە ئۆز بالىسى ئوماق كۆرۈنىدۇ.

. گۈزەللىك بىر نىسپىي ئۇقۇمدۇر، كىشىدىن كىشىگە ئۆزگىرىدۇ.



## EVDEKİ PAZARLIK ÇARŞIYA UYMAZ

İki avcı parasız kalmışlar. Komşularına öldürmeyi düşündükleri bir ayının postunu satmaya kalkışmışlar.

Öldürecekleri ayıyı öylesine övmüşler ki, postundan bir değil iki kürk bile çıkacağını söylemişler. Parasını peşin alıp;

— İki gün sonra post elinde, diyerek ormana yollanmışlar.

Ormanda gezinirken, bir de bakmışlar ki, iri bir ayı üzerlerine doğru geliyor. İki ahbab çavuşu büyük bir korku kaplamış. Ayı postunu elde edelim derken, kendi postlarının elden gidecek olduğunu anlamışlar. Avcılardan birisi yakındaki bir ağacın tepesine çıkıvermiş. Öteki ise, korkudan olduğu yerde donup kalmış, birden ayıların ölüye dokunmadığını hatırlayıp kendini yere atmış, yüzü koyun yatarak soluğunu kesmiş ölü taklidi yapmış.

Ayı gelip adamı evirip çevirmiş, ağzını burnunu iyice koklamış. Sonunda onun ölü olduğuna kanaat getirerek çekip gitmiş.

Ağaçtaki avcı, hemen yere inerek arkadaşının yanına koşmuş.

## ئۆيدىكى ھېساپ بازارغا توغرا كەلمەس

ئىككى ئوۋچى پۇلسىز قاپتۇ. قوشنىلىرىغا ئۆلتۈرۈشنى ئويلىشىۋاتقان بىر ئېيىقنىڭ تېرىسىنى ساتماقچى بوپتۇ.

ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئېيىقنى شۇنداق ماختاپتۇكى، تېرىسىدىن بىر ئەمەس ئىككى جۇۋا چىقىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپتۇ. پۇلنى ئالدىن ئېلىپ:

- ئىككى كۈندىن كېيىن تېرە قولۇمىزدا، - دەپ ئورمانغا يول ئاپتۇ.

ئورماندا ئايلىنىپ يۈرگەندە، كۆرۈپتۇكى، چوڭ بىر ئېيىق يانلىرىغا قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. بۇ ئىككى جان دوستنى ئىنتايىن قورقۇنچ بېسىپتۇ. ئېيىق تېرىسىنى ئالىمەن، دەپ ئۆز تېرىلىرىنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. ئوۋچىلاردىن بىرى يېنىدىكى دەرەخنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋاپتۇ. يەنە بىرى بولسا، جايىدا قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، تۇيۇقسىز ئېيىقلارنىڭ ئۆلۈككە چېقىلمايدىغىنى يادىغا ئېلىپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپتۇ ۋە ئۆلگەندەك دۈم يېتىۋاپتۇ.

ئېيىق كېلىپ ئادەمنى ئۆرۈپ-چۆرۈپتۇ، ئاغزى-بۇرنىنى پۇراپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىگە ئىشىنىپ كېتىپ قاپتۇ.

دەرەختىكى ئوۋچى دەرھال يەرگە چۈشۈپ دوستىنىڭ قېشىغا يۈگرەپتۇ. چاقچاق قىلغاندەك:

Gülerekten:

— Baktım ayıyla iyi anlaştın. Kulağına bir şeyler söylüyordu. Ne dedi sana? diye sormuş.

Yerdeki avcı, kendi canını kurtarmaktan başka bir şey düşünmeyen arkadaşına kızgın halde, şu cevabı vermiş:

— Ne olacak, ayı bana dedi ki:

“Arkadaş, bir daha öldüremiyeceğin ayının postunu satma. Bir de böylesine korkak bir adamla da sakın arkadaşlık yapma...”

**• Evdeki pazarlık çarşıya uymaz. İnsan dereyi görmeden paçayı sıvamamalı...**

ـ قارسام ئېيىق بىلەن ئوبدان چىقىشتىڭ. قۇلىقىڭغا بىرنەرسە دەۋاتاتتى. نىمە دېدى ساڭا؟ ـ دەپ سورىدى.

يەردىكى ئوۋچى ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇشتىن باشقا ھېچنەرسە ئويلىمىغان دوستىغا ئاچچىقلىغان ھالدا مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

ـ نېمە بولاتتى، ئېيىق ماڭا دېدىكى:«بۇرادەر، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلتۈرەلمىگەن ئېيىقنىڭ تېرىسىنى ساتما. ھەم بۇنداق قورقۇنچاق بىرى بىلەن ھەرگىز دوست بولما...

**. ئۆيدىكى ھېساپ بازارغا توغرا كەلمەس. ئىنسان دەريانى كۆرمەستىن ئۆتۈك سالماسلىقى كېرەك.**



## KARAMSAR TAVŞANLAR

Tavşanlar, bir zamanlar, kendilerinin hayvanların en şanssızı oldukları endişesine kapılmışlardı. Herkesi kendilerine düşman sanıyorlardı.

Bir gün, bir grup yabani atın dört nala, kendilerinden tarafa koştuklarını gördüler. Kötümser düşünce içinde olduklarından, atları hemen kendilerine düşman ilan ettiler. Ve böyle 4 tarafı düşmanlarla çevrili bir dünyada yaşamaktansa, topluca intihar etmeye karar verdiler.

Hep beraber göle doğru koşmaya başladılar.

Göl kenarında çamurlar içinde yaşayan kurbağalar, çok sayıda tavşanın hızla kendilerine doğru geldiklerini görünce, büyük korkuya kapıldılar. Telaşla suya daldılar.

Kurbağaların bu telaş ve korkularını gören tavşanların reisi,

## ئۈمىدسىز توشقانلار

توشقانلار بىر زامانلاردا ئۆزلىرىنى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ بىچارىسى دەپ ئويلايدىكەن. ھەركىمنى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ قارايدىكەن.

بىر كۈنى بىر توپ ياۋا ئاتنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. يامان تەرەپتىن ئويلىغاچقا، ئاتلارنى دەرھال ئۆزىگە دۈشمەن دەپ قاراپتۇ. مۇشۇنداق تۆت تەرىپى دۈشمەن بىلەن قورشالغان بىر دۇنيادا ياشاشتىن، توپلىنىپ ئۆلۈۋېلىشقا قارار قىپتۇ.

بىللە كۆلگە قاراپ يۈگرەشكە باشلاپتۇ.

كۆل ئەتراپىدا لايلار ئىچىدە ياشاۋاتقان پاقىلار بىرمۇنچە توشقاننىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قورقۇنچ بېسىپتۇ. تېنەپ ـ تەمترەپ ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىپتۇ.

پاقىلارنىڭ بۇ قورقۇنچىنى كۆرگەن توشقانلارنىڭ رەئىسى

birden durdu ve geriye dönerek:

— Bir dakika arkadaşlar, diye bağırdı. O kadar acele karar vermiyelim. Baksanıza, bizim durumumuz sandığımız kadar kötü değil.

Bizden de kötü durumda olanlar var...

**• Beterin beteri vardır. Durumunun kötü olduğunu düşünenerek karamsarlığa kapılanlar, kendilerinden daha kötü durumda olanların olduğunu hatırlasınlar. O zaman, içinde bulundukları halin o kadar ürkütücü olmadığını göreceklerdir.**

تۇيۇقسىز توختاپتۇ ۋە كەينىگە قاراپ:

ـ توختاڭلار بۇرادەرلەر، ـ دەپ ۋاقىراپتۇ. بۇنداق ئىتتىك قارار بەرمەيلى. قاراڭلار، بىزنىڭ ھالىمىز ئويلىغىنىمىزدەك ئۇنچىلىك يامان ئەمەسكەن.

بىزدىنمۇ يامان ئەھۋالدا بولغانلار بار...

**. بەتتەردىن بەتترى باردۇر. ھالىنىڭ يامان بولغىنىنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلەنگەنلەر ئۆزلىرىدىن تېخىمۇ يامان ئەھۋالدا بولغانلارنى ئويلىسۇن. ئۇ زامان، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۇنچىلىك يامان ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ.**



## GURURLU ZEYTİN AĞACI

Zeytin ağacının, yaz kış yaprakları dökülmezdi. O, bu özelliğiyle gururlanır; komşusu incir ağacının kışın yapraklarını dökmesini alay konusu yapardı.

İncir ağacı, zeytin ağacının alayları karşısında hiç sesini çıkarmaz, hatta, halinden utanç bile duyardı.

Bir sene, kış çok sert geçti, mevsim normallerinin çok üstünde bir kar yağdı. Zeytin ağacının yapraklarla kaplı dalları, üstlerine binen karın ağırlığına dayanamayarak kırıldılar.

Zeytin ağacının yaz-kış bozulmadan devam eden bütün güzelliği bozulmuştu. Öte yandan, bahar gelir gelmez, incir ağacı, yemyeşil yapraklarla kaplanmış, gelin gibi süslenmişti.

**• Gülme komşuna, gelir başına. Elinde olmayan bir eksiklikten dolayı, hiçbir kimseyi alaya alma.**

## مەغرۇر زەيتۇن دەرىخى

زەيتۇن دەرىخىنىڭ ياز- قىش يوپۇرماقلىرى تۆكۈلمەيدىكەن. ئۇ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، قوشنىسى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قىشتا ياپراقلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى مەسخىرە قىلىدىكەن.

ئەنجۈر دەرىخى، زەيتۇن دەرىخىنىڭ مەسخىرىلىرىگە ھېچ ئۈن چىقارمايدىكەن، ھەتتا، ھالىدىن خىجىل بولىدىكەن.

بىر يىلى قىش بەك سوغۇق بوپتۇ. ئادەتتىكىدىن كۆپ قار يېغىپتۇ. زەيتۇن دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلار بىلەن قاپلانغان شاخلىرى، ئۈستىگە چۈشكەن قارلارنىڭ ئېغىرلىقىغا چىدىماي سۇنۇپ كېتىپتۇ.

زەيتۇن دەرىخىنىڭ ياز- قىش بۇزۇلمىغان پۈتۈن گۈزەللىكى بۇزۇلۇپتۇ. بىر ياندىن باھار كېلەر- كەلمەي ئەنجۈر دەرىخى ياپيېشىل يوپۇرماقلار بىلەن قاپلىنىپ، يېڭى كېلىندەك بېزىلىپتۇ.

**. كۈلمە قوشناڭغا كېلۇر بېشىڭغا. قولىدا بولمىغان بىر كەمچىلىكتىن ھېچكىمنى زاڭلىق قىلما.**



## KİRPİNİN TİLKİYE YARDIMI (!)

Tilkinin biri, kendini kovalayan avcılardan kaçarken, dikenli çalılarla kaplı bir yerde gizlenmişti.

Dikenler fena halde canını acıtıyordu. Ama avcılara kendini belli etmemek için, zavallı tilki yerinden kıpırdayamıyordu.

Yetmezmiş gibi, yüzlerce sivrisinek te, hareketsiz durmak zorunda olan tilkiye saldırmış, kanını emmeye başlamıştı.

Kirpi, tilkiyi böylesi zor durumda görünce, ona yardım etmeyi düşündü.

— Tilki kardeş, dedi. Şu kan emici sivrisinekleri senin yanından kovayım mı?

Tilki ise, kirpiyi şaşırtan şu cevabı verdi:

— Aman, sakın ha!

## كىرپىنىڭ تۈلكىگە ياردىمى (!)

بىر تۈلكە ئۆزىنى قوغلاۋاتقان ئوۋچىلاردىن قېچىۋېتىپ، تىكەنلىك چاتقاللار بىلەن قاپلانغان بىر يەرگە مۆكۈۋاپتۇ.

تىكەنلەر ناھايىتى جېنىغا پېتىپتۇ. بىراق ئوۋچىلارغا كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بىچارە تۈلكە جايىدىن مىدىرلىيالماپتۇ.

بۇ يەتمىگەندەك، يۈزلەرچە پاشا قىمىرلىماسلىققا مەجبۇر قالغان تۈلكىگە ھۇجۇم قىلىپ قېنىنى شوراشقا باشلاپتۇ.

كىرپە تۈلكىنى مۇشۇنداق مۈشكۈل ئەھۋالدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ.

- تۈلكە بۇرادەر، - دەپتۇ.

- شۇ قان شورايدىغان پاشىلارنى يېنىڭدىن قوغلىۋېتەيمۇ؟

تۈلكە بولسا كىرپىنى ھەيران قالدۇرىدىغا شۇ جاۋاپنى بېرىپتۇ:

- ئامان، ھەرگىز ئۇنداق قىلما!

Onları ürkütmeni istemiyorum.

Kirpi hayret içinde:

— Niye onları kovmamı istemiyorsun, rahatsız değil misin? dedi.

Tilki, kirpiye şu açıklamayı yaptı:

— Üzerimdeki sivrisinekler, emecekleri kadar kanımı emdiler ve karınlarını doyurdular. Sen, şimdi onları kovacak olursan, bir sürü aç sivrisinek üzerime üşüşecek, kanımın son damlasına kadar emecekler.

Doğrusu bu eziyete dayanabileceğimi sanmıyorum.

**• Kötülüğü sınırlı tanıdık bir düşmana katlanmak, ne kötülükler yapacağı bilinmeyen yeni bir düşmanla karşılaşmaktan elbette daha iyidir.**

ئۇلارنى ئۈركۈتۈۋېتىشىڭنى خالىمايمەن.

كىرپە ھەيرانلىق ئىچىدە:

ـ نىمىشقا ئۇلارنى قوغلىۋېتىشىمنى خالىمايسەن، راھەتسىز بولمايۋاتامسەن؟ ـ دەپتۇ.

تۈلكە كىرپىگە مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

ـ ئۈستۈمدىكى پاشىلار شورايدىغان قاننى شوراپ ئەمدى قورسىقىنى تويغۇزدى. سەن ئەمدى ئۇلارنى قوغلىساڭ، بىر توپ ئاچ پاشا ئۈستۈمگە توپلىشىپ قېنىمنىڭ ئاخىرقى تامچىسىغىچە شورايدۇ.

توغرىسى بۇ ئازابقا تېخىمۇ چىدىمايمەن.

**. يامانلىقىنىڭ چېكى بار بىر دۈشمەنگە بەرداشلىق بېرىش، نىمە يامانلىقلار قىلىدىغىنى بىلىنمىگەن بىر دۈشمەنگە يولۇقۇشتىن ئەلۋەتتە تېخىمۇ ياخشىدۇر.**



## AKILSIZ KARGA VE KURNAZ TİLKİ

Karga, kendine büyük bir peynir parçası bulmuş, bir ağaç dalına konarak peyniri yemeye başlamış.

Ordan geçmekte olan bir tilki, karganın ağzındaki peyniri görmüş. Kendi kendine:

— Tam bana göre bir yemek, demiş. Karnım da o kadar aç ki! Bu güzel peyniri, kargadan hemen almalıyım. Bana, boşuna kurnaz tilki dememişler...

Yavaş yavaş ağaca yaklaşıp, kargaya seslenmiş:

- Günaydın karga kardeş. Bugün ne kadar da güzelsin. Gözlerin pırıl pırıl. Tüylerin ne kadar parlak. Sen, kuşların en güzelisin. Hele sesin o kadar güzel ki, seni dinlemek büyük bir zevk. Lütfet de bana o güzel sesinle bir şarkı söyle.

## ئەقلسز قاغا ۋە هيلگەر تۈلكە

قاغا ئۆزىگە يوغان بىر پىشلاق پارچىسى تېپىپ، بىر دەرەخ شېخىغا قونۇپ پىشلاقنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر تۈلكە قاغىنىڭ ئاغزىدىكى پىشلاقنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە:

- دەل ماڭا كۆرە بىر يېمەكلىك- ، دەپتۇ.

- قورسىقىممۇ شۇنداق ئاچتى! بۇ مېزىلىك پىشلاقنى قاغىدىن دەرهال ئېلىشىم كېرەك. ماڭا بىكارغا هيلىگەر تۈلكە دېمىگەن-دە،...

ئاستا ئاستا دەرەخكە يېقىنلىشىپ قاغىغا:

- خەيرلىك ئەتىگەن قاغا بۇرادەر. بۈگۈن سەن نېمە دېگەن چىرايلىق. كۆزلىرىڭ چاقناپ تۇرىدۇ. پەيلىرىڭ نىمە دېگەن پارقىراق. سەن قۇشلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى. تېخى ئاۋازىڭ شۇنداق يېقىملىقكى، سېنىڭ ئاۋازىڭنى تىڭشاش چوڭ بىر هوزۇر. مەرهەمەت قىلىپ، ماڭا شۇ گۈزەل ئاۋازىڭ بىلەن بىر ناخشا ئېيتساڭچۇ.

Karga, tilkinin bu iltifatlarını gerçek sanmış. Kibirle, başını yukarı kaldırıp “gak... gak...” diye şarkı söylemeye başlamış.

Tam ağzını açıp “gak” diye ses çıkarınca, ağzındaki peynir yere düşmüş. Tilki de vakit kaybetmeden peyniri kapıp, bir güzel karnını doyurmuş.

Oradan uzaklaşırken, kargaya:

— Teşekkür ederim ahbap, demiş. Şarkı ziyafetin çok doyurucuydu.

**• Dalkavukluk edenlerin sözlerine sakın inanmayın. Dalkavukluklarının arkasında mutlaka sizden koparmayı bekledikleri bir menfaatleri vardır.**

قاغا تۈلكىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى راست دەپ قاپتۇ. ھاكاۋۇرلۇق بىلەن بېشىنى ئۆستىگە قارىتىپ «قاق، قاق» دەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

دەل ئاغزىنى ئېچىپ «قاق» دەپ ئاۋاز چىقىرىشىغا، ئاغزىدىكى پىشلاق يەرگە چۈشۈپتۇ. تۈلكىمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزمەي، پىشلاقنى دەرھال ئېلىپ يەپ، قوسىقىنى بىر ئوبدان تويغۇزۇپتۇ.

ئۇ يەردىن ئۇزاقلىشىۋېتىپ قاغىغا:

- رەھمەت ئاغىنە، - دەپتۇ. ناخشا زىياپىتىڭ بەك مول بولدى.

**. خوشامەتچىنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ. خوشامەتچىلىكنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم سىزدىن ئالماقچى بولغان بىر مەنپەئەت باردۇر.**



## ANNE!..

Genç bir kirpi dünya gezisine çıkmıştı.

Büyük bir çölde kaybolmuş, gece de bastırmıştı.

Zavallı kirpi, gece karanlığında dikenli bir kaktüse çarpınca sevinçle bağırdı:

— Anneciğim, sen misin.

**• Ana gibi yâr olmaz.**

## ئانا!..

كىچىك بىر كىرپە دۇنيا كېزىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

كەڭرى بىر چۆلدە ئېزىپ قاپتۇ، كېچە قاراڭغۇلۇقى ئەتراپنى قاپلاپتۇ.

بىچارە كىرپە كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تىكەنلىك بىر كاكتۇسقا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ ۋە خوشاللىقتىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

ـ ئانا، بۇ سەنمۇ؟

**. ئانا كەبى يار بولماس.**

www.Mahinur.Com



## AKILLI KRAL

Ormanların kralı arslan büyük bir savaşa karar vermiş.

Onun için savaş divanını toplamış. Bütün hayvanları, onların yeteneklerini dikkate alarak görevlendirmiş.

Fil eşyaları taşıyacak, kurt saldırıyı yönetecek, tilki haber toplamada vazife yapacak, maymun ise düşmanı oyalayacaktır.

Eşekler yavaş, tavşanlar da korkak olduğundan savaşa alınmak istenmez.

Fakat arslan, akıllı bir hükümdardır. Bu teklifi yerinde bulmaz ve:

— Yoo olmaz, der. Eşek borazan çalıp düşmanı korkutur; tavşan da birlikler arasında vızır vızır haber taşır.

• **Akıllı idareci işte böyle olur. Herkese yapacağı bir iş bulur.**

## ئەقىللىق شاھ

ئورمانلار شاھى ئارسلان چوڭ بىر ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلىپتۇ.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەربى قوماندانلار مەجلىسى چاقىرىپتۇ. پۈتۈن ھايۋانلارنى ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ۋەزىپىگە قويۇپتۇ.

پىل ئەشيالارنى توشۇيدىغان، بۆرە ھۇجۇمغا قوماندانلىق قىلىدىغان، تۈلكە خەۋەر توپلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان، مايمۇن دۈشمەننى ئېزىقتۇرىدىغان بوپتۇ.

ئېشەكلەر ئاستا، توشقانلار قورقۇنچاق بولغاچقا، ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى خالماپتۇ.

ئەمما ئارسلان، ئەقىللىق بىر ھۆكۈمدار ئىدى. بۇ تەكلىپنى جايىدا كۆرمەپتۇ ۋە:

ـ ياق، بولماس، دەپتۇ. ئېشەك كاناي چېلىپ دۈشمەننى قورقۇتسۇن، توشقان بولسا سەپلەر ئارىسدا خەۋەر يەتكۈزسۇن.

. ئەقىللىق باشقۇرغۇچى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ھەركىمگە قىلىدىغان ئىش تاپىدۇ.



## KEDİYE ZİLİ KİM TAKACAK?

Fareler, evin tecrübeli kedisinden kendilerini kurtarmanın yollarını arıyorlarmış. Sık sık toplantılar yapıyorlar, bu konuyu halletmeye çalışıyorlarmış.

Pek çok teklif gündeme gelmiş. Kimisi nöbet tutulmasını teklif etmiş. Bazısı kaçabilmek için antrenman yapılmasını ileri sürmüş...

Yaşlı, gün görmüş bir fare; kedinin boynuna bir zil takılmasını tavsiye etmiş. Böylece kedinin geldiği belli olacak, fareler de kaçabileceklermiş.

Bu fikir kabûl görmüş.

Fakat bir fare şöyle demiş:

— Dostlar, mesele anlaşıldı. Lâkin asıl önemli olan, zili kedinin boynuna kim asacak?..

**• İşlerimizi konuşup karara bağlarken, sonucunuda iyi düşünmeliyiz.**

## مۆشۈككە قوڭغۇراقنى كىم ئاسىدۇ؟

چاشقانلار ئۆينىڭ تەجرىبىلىك مۆشۈكىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ يوللىرىنى ئىزدىشىپ تۇرىدىكەن. پات-پات يىغىن ئېچىشىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولۇشىدىكەن.

ناھايىتى كۆپ تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. بەزىلىرى نۆۋەت تۇتۇشنى تەكلىپ قىپتۇ. بەزىلىرى تېز قېچىش ئۈچۈن تەنھەرىكەت مەشقى ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ...

قېرى، كۆپ ئىش كۆرگەن بىر چاشقان، مۆشۈكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. مۇنداقچە، مۆشۈكنىڭ كەلگىنىنى بىلىپ، چاشقانلار قاچالايدىكەنمىش.

بۇ تەكلىپ قوبۇل كۆرۈلۈپتۇ.

پەقەت بىر چاشقان مۇنداق دەپتۇ:

- دوستلار، مەسىلە ھەل بولدى. لېكىن ئەسلى مۇھىم بولغان، قوڭغۇراقنى مۆشۈكنىڭ بويىنىغا كىم ئاسىدۇ؟....

**. ئىشلىرىمىزنى سۆزلىشىپ قارار چىقارغاندا، نەتىجىسىنىمۇ ياخشى ئويلىشىش كېرەك.**



## KÜRKÇÜ DÜKKANI

İki tilki; bazen çimenlikte, bazen sahralarda gezip hoş sohbet ederlerdi.

Bir gün, iki avcının hışmına uğradılar. Tazıların önünden kaçarlarken yolları ayrıldı. Dere-tepe kaçtılar. Bir ara yolları birleşti.

Birisi yoldaşından yana baktı:

— Ey vefalı ve gamlı yâr!..

Seninle bir daha nasıl buluşuruz? dedi.

Yoldaşı, onun bu ciğer yakan sesini işitip, yüz ayrılık yarası ve bin dert ateşiyle seslendi:

— Biz ki bu ayrılık gurbetine düştük; bir daha gönül hoşluğu ile bir araya gelemeyiz. Bir ihtimalle, belki bir kürkçü dükkanında buluşuruz.

• **Tilkinin tilkiyi bulacağı yer, kürkçü dükkanıdır.**

## جۇۋۇچىنىڭ دۇكىنى

ئىككى تۈلكە، بەزىدە چىمەنلىكتە، بەزىدە سەھرالاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، خۇش سۆھبەتلەر قۇراتتى.

بىر كۈنى، ئىككى ئوۋچىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى. تايغانلارنىڭ ئالدىدىن قېچىۋاتقاندا، يوللىرى ئايرىلدى. ئويمۇ-ئوي، دۆڭمۇ-دۆڭ قېچىۋاتقاندا، يەنە يوللىرى بىرلەشتى.

بىرى يولدىشى تەرەپكە قاراپ:

-ئەي ۋاپادار ۋە غەمخان يار!...

سېنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم قانداق ئۇچرىشارمىز؟ -دېدى.

يولدىشى، ئۇنىڭ بۇ يۈرەكنى ئېرىتىدىغان ئاۋازىنى ئىشىتىپ، يۈز ئايرىلىش يارىسى ۋە مىڭ دەرت ئاتەشلىرى بىلەن دېدى:

-بىز بۇ ئايرىلىش دەردىگە چۈشتۇق. يەنە بىر قېتىم كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن بىر يەرگە كېلەلمەيمىز. بىر ئېھتىماللىق بار، بەلكى بىر جۇۋۇچىنىڭ دۇكىنىدا ئۇچرىشىمىز.

. تۈلكىنىڭ تۈلكىنى تاپىدىغان يېرى، جۇۋۇچىنىڭ دۇكىنىدۇر.



## YARALI ASLAN

Aslan’ın biri, avcıların pususuna düşüp ağır yara alır.

İnine dönerken tilkiyle karşılaşır.

Tilki hâl hatır sorar.

Aslanın yaralandığını görünce:

— Yaa! Vah vah! der.

Sakın bizim çocuklar bir saygısızlık yapmış olmasınlar; sabah avlanmaya çıkmışlardı da...

Bu patavatsız söze pençesiyle cevap veremeyecek kadar bitkin halde olan zavallı aslan:

— Beni bu yara belki öldürmez; ama şu söz, öldürmekten beter eder, der.

**• Dil yarası, bazan bıçak yarasından daha fazla ızdırap verir insana.**

## يارىلانغان شىر

بىر شىر ئوۋچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئېغىر يارىلىنىپتۇ.

ئۆيىگە قايتىۋېتىپ تۈلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

تۈلكە ھال ئەھۋال سوراپتۇ. شىرنىڭ يارىلانغىنىنى كۆرۈپلا :

- ھەي!...يامان بوپتۇ!

- بىزنىڭ باللار بىر ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولمىسۇن؛ ئەتىگەن ئوۋ ئوۋلاشقا چىققانىدى...

بۇ تېتىقسىز سۆزگە پەنجىسى بىلەن جاۋاپ بېرەلمىگۈدەك ھالسىز ئەھۋالدا بولغان بىچارە شىر:

- مېنى بۇ يارا بەلكىم ئۆلتۈرمەس؛ بىراق بۇ سۆز ئۆلمەكتىن بەتتەر قىلار.

**. تىل يارىسى بەزىدە پىچاق يارىسىدىن تېخىمۇ بەك ئىزتىراپ بېرىدۇ ئىنسانغا.**



## AVINI NEDEN YAKALAYAMAMIŞ?

Bir av köpeği, çalılar arasında gezinen bir tavşanı yakalamak istemişti. Ama tavşan öylesine hızlı kaçtı ki, köpek onu yakalayamadı.

Köpek, avını kaçırdığına üzgün, yolda giderken, bir çoban onunla alay etti:

— Sen de amma acemi avcı imişsin, senin onda birin kadar olan bir hayvanı yakalayamadın...

Av köpeği şu cevabı verdi:

— Doğrusun, ama unuttuğun bir şey var. Ben sadece yakalamak için onu kovaladım. O ise, canını kurtarmak için kaçıyordu.

**• İhtiyaç, en güçlü silahtır. En korkak canlıları bile, cesurlaştırır.**

## ئوۋنى نىمشقا تۇتالمىدى؟

بىر ئوۋ ئىتى چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بىر توشقاننى تۇتماقچى بولغانىدى. بىراق توشقان شۇنداق ئىتتىك قاچتىكى، ئىت ئۇنى تۇتالمىدى.

ئىت ئوۋنى قاچۇرۇپ قويغىنىغا كۆڭلى يېرىم يولدا كېتىۋاتقاندا، بىر پادىچى ئۇنىڭ بىلەن چېقىشتى:

ـ سەنمۇ ناھايىتى ئالدىراڭغۇ ئوۋچى ئىكەنسەن، سېنىڭ ئوندىن بىرىڭچىلىك بولغان بىر ھايۋاننى تۇتالمىدىڭ...

ئوۋ ئىتى شۇ جاۋاپنى بەردى:

ـ توغرا دەيسەن، بىراق بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ. مەن پەقەت ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلىدىم. ئۇ بولسا جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىۋاتاتتى.

**. ئېھتىياج ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. ئەڭ قورققاق ئادەملەرنىمۇ جەسۇر قىلىۋېتىدۇ.**



## ALTIN YUMURTLAYAN TAVUK

Köylünün biri, kümese girdiğinde tavuğunun altın bir yumurta yumurtladığını hayret ve sevinç içinde görür.

Artık tavuk hergün bir altın yumurta yumurtluyor, köylü de zenginleşiyordu. Ama zenginliği arttıkça köylünün hırsı da artıyordu. Daha çok altın sahibi olmak istiyordu.

Şayet tavuğu öldürürse, içindeki bütün altınlara bir anda sahip olacağı duygusuna kapıldı. Bu düşünce ile hergün kendisine bir altın yumurtlayan tavuğunu kesti. Ama tavuğun karnında bir tek altın bile bulamadı.

**• Hırs, pişmanlık sebebidir. Az tamah, çok ziyan getirir. Elinde olana şükretmesini bilmeyen, bir gün onu yitirir.**

## ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇ

بىر يېزىلىق قۇمغا كىرگىنىدە توخۇسىنىڭ بىر ئالتۇن تۇخۇم تۇغقىنىنى ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق ئىچىدە كۆرۈر.

توخۇ ھەر كۈنى بىر ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ، يېزىلىقمۇ كۈندىن ـ كۈنگە بېيىۋاتاتتى. بىراق بايلىقى كۆپەيگەنچە ئېخمىۇ ئاچكۆز بولۇپ كېتىۋاتاتتى. تېخىمۇ كۆپ ئالتۇنى بولۇشنى خالايتتى.

ئەگەر توخۇنى ئۆلتۈرسە، ئىچىدىكى پۈتۈن ئالتۇنلارنى بىراقلا ئالالايدىغانلىقىنى ئويلىدى. بۇ ئوي بىلەن ھەركۈنى ئۆزىگە بىر ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان توخۇسىنى بوغۇزلىدى. بىراق توخۇنىڭ قورسىقىدا بىرتالمۇ ئالتۇن تاپالمىدى.

. ئاچكۆزلۈك، پۇشايماننىڭ سەۋەبىدۇر. ئازراق تاماخورلۇق، كۆپ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. قولىدا بولغىنىغا شۈكرى قىلمىغان، بىر كۈنى ئۇنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدۇ.



## KÖTÜ ALIŞKANLIKLAR

Bir köylü, yeni doğmuş bir buzağıyı kucağına alır severmiş. Buna alışmış. Hayvanı her gün kucağında taşımaya başlamış.

Uyarılara, “bu danayı kucağından indir” diyenlere aldırmamış. Ve dana, kocaman öküz olunca, onu yine kucağında taşımaya devam etmiş.

**• Kötü alışkanlıklar işte böyledir. Önce kucağımıza sevimli bir kuzu ve dana gibi kurulan kötü alışkanlıklar, zamanla bizi karabasan gibi sarar.**

**• Çeşitli kötü alışkanlıklara müptelâ olmuş insanlarla, kucağında öküz taşıyan köylü, ne kadar da birbirlerine benziyorlar?**

## يامان ئادەتلەر

بىر يېزىلىق يېڭى تۇغۇلغان بىر موزاينى قۇچىقىغا ئېلىپ سىلايدىكەن. بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قاپتۇ. ھايۋاننى ھەر كۈنى قۇچىغىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئاگاھلاندۇرۇشلارغا، «بۇ توپاقنى قۇچىغىڭدىن چۈشۈر» دىگەنلەرگە پەرۋا قىلماپتۇ ۋە توپاق چوپچوڭ ئۆكۈز بولغاندىمۇ ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ.

**. يامان ئادەتلەر مانا مۇشۇنداق. ئاۋۋال قۇچىقىمىزدا ئوماق بىر قوزا ياكى توپاقتەك بولغان يامان ئادەتلەر، ۋاقىت ئۆتكەنچە، بىزنى قارا باسقاندەك ئورايدۇ.**

**. ھەرخىل يامان ئادەتلەرگە مۇپتىلا بولغان ئىنسانلار بىلەن، قۇچىغىدا ئۆكۈز كۆتەرگەن يېزىلىق بىربىرىگە نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە!**



## KÖPEĞİN DERDİ

Kış geldi mi köpek ezilir, büzülür. Kışın soğuğu onu perişan eder. Ve şöyle dermiş:

— Kışa dayanamıyorum. Sağ olursam kendime güzel bir ev yapmalıyım.

Fakat yaz gelip de ısındı mı, kendisini koskocaman görür de:

— İyi ama ben hangi eve sığarım ki... dermiş.

**• İnsan da dertten kurtuldu mu her şeyi unutur.**

(Mevlâna'dan)

## ئىتنىڭ دەردى

قىش كەلدىمۇ، ئىت تىترەپ، دۈگدىيىدىكەن. قىشنىڭ سوغۇقى ئۇنى پەرىشان قىلىدىكەن ۋە مۇنداق دەيدىكەن.

- قىشقا چىدىيالمىدىم. ساق بولسام ئۆزۈمگە گۈزەل بىر ئۆي سالىمەن.

بىراق ياز كېلىپ، ئىسسىدىمۇ، ئۆزىنى چوپچوڭ كۆرۈپ :

- بىراق مەن قايسى ئۆيگە پاتىمەنكى... دەيدىكەن.

. ئىنسان دەرتتىن قۇتۇلدىمۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيدۇ.

(مەۋلانە)



## DEVE YÜRÜYÜŞÜ

Bir gece gençlik gururuyla fazla yol yürümüştüm. Gece vakti yorgun argın bir dağ eteğine vardım. Zayıf bir ihtiyar, kervanın gerisinde bekliyordu. Beni görünce dedi ki:

— Ne oluyorsun, kalk; burası uyunacak yer değildir.

Dedim:

— Nasıl gideyim ki yürümeye kudretim yok.

İhtiyar dedi ki:

— İşitmedin mi ki, dinlene dinlene gitmek, koşup kesilmekten daha iyidir.

**• Arap atı çabuk gider; fakat iki koşu gider, sonra yorulur kalır. Deve ise ağır yürür, gece gündüz gider.**

(Bostan Gülistan'dan)

## تۆگە يۈرۈشى

بىر كېچىسى ياشلىق غۇرۇرۇم بىلەن كۆپرەك يول يۈرگەنىدىم. كەچ سائەتلەردە ھېرىپ-چارچاپ بىر تاغ ئېتىكىگە باردىم. ئاجىز بىر مويسىپىت، كارۋاننىڭ كەينىدە قالغانىدى. مېنى كۆرۈپ دېدىكى:

- نىملا بولمىسۇن، تۇر. بۇ ئۇخلايدىغان يەر ئەمەس.

دېدىم:

- قانداق كېتەلەيمەن، ماڭغۇدەك ھالىم يوق.

مويسىپىت دېدىكى:

- سەن ئاڭلىمىغانمۇ، توختاپ-توختاپ مېڭىش، يۈگرەپ يېقىلىپ قېلىشتىن ياخشىراق.

ئەرەپ ئېتى تېز چاپىدۇ، ئەمما ئاسانلا ھېرىپ قالىدۇ. تۆگە ئاستا ماڭىدۇ، ئەمما كېچە-كۈندۈز ماڭىدۇ.

(گۈلىستاندىن ئېلىندى)



## SU UYUR, DÜŞMAN UYUMAZ

Tilki, av için dolaşırken bir keklik görür. Karşısına geçip durur. Kekliği hayranlıkla seyre dalar. Keklik heyecanla sorar:

— Hey can dost, niye böyle hayran bakarsın?

Tilki:

— Ey güzeller güzeli, şu senin şehlâ gözlerine yandım. Yaman bakışlarına kandım. Çok güzelsin. Acaba gözlerini yumunca da böyle tatlı mısın?

Keklik, bu hilekâr sözlere kanıp gafletle gözlerini kapatır.

Bir anda kendini tilkinin dişleri arasında bulan keklikten, şu sözler duyulur:

— Lânet olsun, düşmanı uyanıkken gözlerini yumanlara.

**• Su uyur, düşman uyumaz.**

## سۇ ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس

تۈلكە ئوۋ ئىزدەپ ئايلىنىپ يۈرگەندە، بىر كەكلىك كۆرۈپ قالار. ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرار. كەكلىكنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزىتەر. كەكلىك ھاياجان بىلەن سورار:

- ھەي جان دوست، نىمشقا بۇنداق ھەيران باقىسەن؟

تۈلكە:

- ئەي گۈزەللەر گۈزىلى، سېنىڭ شۇ شەھلا كۆزلىرىڭگە كۆيدۈم. ئاجايىپ بېقىشلىرىڭغا ئالداندىم. بەك گۈزەلسەن. ئەجىبا كۆزۈڭنى يۇمغاندىمۇ مۇشۇنداق تاتلىقمۇ سەن؟

كەكلىك بۇ شېرىن-شېكەر سۆزلەرگە ئالدىنىپ غەپلەتتە كۆزىنى يۇمار.

بىر ئاندا ئۆزىنى تۈلكىنىڭ چىشلىرى ئارىسىدا كۆرگەن كەكلىكتىن، شۇ سۆزلەر ئاڭلىنار:

- لەنەت بولسۇن، دۈشمىنى ئويغاق چاغدا كۆزىنى يۇمغانلارغا.

• سۇ ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس.



## YABANCI DİL BİLMENİN FAYDASI

Farenin burnuna nefis bir peynir kokusu gelmişti. Araştırmak üzere deliğinden başını çıkarınca, bir kedi sesi işitti ve hemen deliğine sindi.

Ertesi gün, yine fare delikten başını çıkarınca, kedi sesini duyup deliğine çekildi.

Üçüncü gün, fare iyice acıkmıştı. Kediyi nasıl aldatabilirim düşüncesiyle, delikten başını çıkardığında bu defa kedi sesi değil köpek havlaması işitti.

Fare sevindi. Demek ev sahipleri kedi yerine köpek edinmişlerdi. Kendinden emin ve rahat şekilde, peynirin kokusuna doğru giderken, odanın bir köşesinde gizlenen kedi, bir sıçrayışta fareyi yakaladı. Ve yanında kendisini merakla izleyen yavrusuna:

— Gördün mü yavrum, dedi. Bir yabancı dil bilmenin faydasını...

## يات تىل بىلگەننىڭ پايدىسى

چاشقاننىڭ بۇرنىغا مېزىلىك بىر پىشلاق پۇرىغى كەپتۇ. ئىزدەش ئۈچۈن بېشىنى تۆشۈكتىن چىقىرىشىغا، بىر مۈشۈك ئاۋازى ئىشىتىپتۇ (ئاڭلاپتۇ) ۋە دەرھال تۆشۈككە قايتىپتۇ.

ئەتىسى يەنە چاشقان تۆشۈكىدىن بېشىنى چىقىرىشىغا، مۈشۈك ئاۋازىنى تۇيۇپ تۆشۈككە يېنىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى چاشقاننىڭ قورسىقى ناھايىتى ئېچىپتۇ. مۈشۈكنى قانداق ئالدىيالايمەن دەپ تۆشۈكتىن بېشىنى چىقارغاندا، بۇ قېتىم مۈشۈك ئاۋازى ئەمەس، ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى ئىشىتىپتۇ.

چاشقان سۆيۈنۈپتۇ. دېمەك ئۆي ئىگىلىرى مۈشۈك ئورنىغا ئىت بېقىۋالغانىدى. ئۆزىدىن خاتىرجەم ۋە ۋە بىخارامان، پىشلاق پۇرىغى كەلگەن تەرەپكە كېتىۋاتسا، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا مۆكۈۋالغان مۈشۈك بىر سەكرەپلا چاشقاننى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يېنىدا ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇۋاتقان بالىسىغا:

- كۆردۈڭمۇ بالام، بىر يات تىل بىلگەننىڭ پايدىسىنى...



## KURU GÜRÜLTÜYE PABUÇ BIRAKILMAZ

Aslan, bir gün göl kıyısından geçiyordu. Birdenbire bir haykırış duyarak yerinden zıpladı:

— Sesine bakılırsa kocaman bir hayvan olmalı. Bekleyelim hele neyin nesi olduğunu şimdi anlarız.

Ama bir de baktı ki, bu sesi çıkaran, suyun kıyısında küçücük bir kurbağa değil miymiş? Aslan, bu duruma çok içerledi. Derhal kurbağanın yanına gidip:

— Seni gidi kerata! dedi. Boyun posun ne ki böyle nara atıp durursun? Kuru gürültüye pabuç bırakacak göz var mı bende? Şimdi ayağımın altına alayım seni de, gör bakalım bas bas bağırmayı!

Ve aslan, pençesini vurduğu gibi, gürültücü kurbağayı ezdi geçti.

**• Kuru gürültüyle ve gevezelikle kendisini başkalarına kabul ettirmeyi düşünenler her zaman yanılırlar.**

## قۇرۇق داۋراڭلاردىن قورقۇش ئەرزىمەس

شىر بىركۈنى بىر كۆل بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يېرىدىن سەكرەپ كەتتى:

- ئاۋازىدىن قارىغاندا يوغان بىر هايۋان بولۇشى مۇمكىن. قاراپ باقايلى، نىمە ئىكەنلىكىنى هازىر كۆرىمىز.

ئەمما قارىسا، بۇ ئاۋازنى چىقارغان، كۆلنىڭ قىرىدىكى بىر پاقا ئىكەن ئەمەسمۇ؟ شىرنىڭ بۇ ئىشقا بەك ئاچچىغى كەلدى. دەرهال پاقىنىڭ يېنىغا بىرىپ:

- ۋاي سېنى يارىماس! دېدى. بويۇڭغا باقماي نىمىگە نەرە تارتىپ تۇرىسەن؟ قۇرۇق ۋاراڭ چۇرۇڭغا قورقىدىغان كۆز بارمۇ مەندە. ئەمدى سېنى ئاياقلىرىمنىڭ ئاستىغا بىر ئالاي ، كۆر قانداق بولىدىكەن ۋار - ۋار ۋارقىراش.

ۋە شىر، پەنجىسى بىلەن ئۇرغان پېتى چۇقان - سۈرەنچى پاقىنى ئېزىپ ئۆتتى.

**• قۇرۇق چۇقان ۋە قۇرۇق گەپ بىلەن ئۆزىنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرۇشنى ئويلىغانلار هەر زامان يېڭىلىدۇ.**



## SEL VE IRMAK

Günün birinde, dağdan bir sel boşanıp gelmiş. Çevresini gürültüye boğarak, akmaya başlamış. Onu gören insan ve hayvanlar, korkuyla sağa sola kaçışmışlar. Çevresinin gözünü öylesine korkutmuş ki, kimse yaklaşamıyormuş yanına. Korkudan kimse geçemiyormuş. Ama tek bir adam geçmiş seli. Onu da peşinden eşkiyalar kovalıyormuş. O geçince, eşkiyalar da geçmiş arkasından. Korktukları kadar derin olmadığı çıkmış selin.

Derken eşkiyadan kaçan adamın karşısına bir ırmak çıkmış.

Bakmış ırmak uslu uslu akmakta. Önünde ne uçurum var, ne kaya. Sanki kumların üzerine serilmiş, uyuyor.

Yolcu, hiç kuşku duymadan, doğruca atını sürmüş ırmağa. Kendi kendine “Seli geçen ırmağı geçmez mi?” diyormuş. Fakat öyle bir yere gelmiş ki, zavallı adam atıyla birlikte suyun içinde kaybolup gitmiş.

- **Siz bakmayın gürültü çıkaranlara, korkacaksanız sesi çıkmayanlardan korkun.**

## سەل ۋە دەريا

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغدىن سەل كەپتۇ. ئەتراپتا گۈرۈلدەپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار قورققىنىدىن ئوڭ ـ سولغا قېچىپتۇ. ئەتراپقا شۇنچىلىك دەھشەت سالغانكى، ھېچكىم يېنىغا يېقىنلىشالماپتۇ. قورققىنىدىن ھېچكىم ئۆتەلمەپتۇ. ئەمما بىرلا ئادەم ئۆتۈپتۇ سەلدىن. ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدىن قاراقچىلار قوغلاۋاتقانىكەن. ئۇ ئۆتۈشكە، قاراقچىلارمۇ ئۆتۈپتۇ ئارقىسىدىن. قورققىنىدەك ئۇنچىلىك چوڭقۇر ئەمەسلىكى مەلۇم بوپتۇ سەلنىڭ.

شۇنداق قىلىپ قاراقچىدىن قاچقان ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر دەريا چىقىپتۇ.

قاراپتۇ دەريانىڭ ئاستا ـ ئاستا ئېقىشىغا. ئالدىدا يا يار يوق، يا قىيا. خۇددى قۇملارنىڭ ئۈستىدە يېيىلىپ، ئۇخلاۋاتقاندەك.

يولۇچى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئېتىنى سايپتۇ دەرياغا. ئۆز ـ ئۆزىگە «سەلدىن ئۆتكەن دەريادىن ئۆتمەسمۇ؟» دەيدىكەن. بىراق شۇنداق بىر يەرگە كەپتۇكى، بىچارە ئادەم ئېتى بىلەن سۇنىڭ ئىچىدە غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ.

- سىز قارىماڭ بەك ئاۋاز چىقارغانلارغا، قورقسىڭىز ئاۋازى چىقمىغانلاردىن قورقۇڭ.



## FARE YÜREĞİ

Bir hint masalına göre, kedi korkusundan devamlı endişe ve üzüntü içinde yaşayan bir fare vardır. Sihirbazın biri ona acır ve bir kediye dönüştürür.

Fare, kedi olur olmaz, bu sefer de köpekten korkmaya başlar. Sihirbaz onu bir kaplana dönüştürür. Fakat bu durumda da avcıdan korkmaya başlar.

Sihirbaz bakar ki, onun korkusunu yenmeye imkân yok.

— Tekrar fare haline dön, der.

Sende sadece bir farenin yüreği var. Şu sebeple ben sana yardım edemem.

**• Kendine güveni olmayan, direnme gücü ve cesareti bulunmayan kimseye, dıştan yapılacak yardımın hiçbir faydası olamaz.**

## چاشقان يۈرىگى

بىر ھىندى ھېكايىسىگە كۆرە، مۈشۈك قورقۇنچىدىن داۋاملىق غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ياشايدىغان بىر چاشقان بار ئىكەن. بىر سېھىرگەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى مۈشۈككە ئايلاندۇرۇپ قويار.

چاشقان مۈشۈك بولار ـ بولماي، بۇ قېتىم ئىتتىن قورقۇشقا باشلار. سېھىرگەر ئۇنى بىر قاپلانغا ئايلاندۇرۇپ قويار. بىراق بۇ ئەھۋالدا ئوۋچىدىن قورقۇشقا باشلار.

سېھىرگەر كۆرۈپ يېتەر، ئۇنىڭ قورقۇنچىنى يېڭىشقا ئىمكان يوق.

ـ تەكرار چاشقان ھالىڭغا قايت، ـ دەر.

ـ سەندە پەقەت بىر چاشقاننىڭ يۈرىكى بار. شۇ سەۋەپتىن مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن.

**. ئۆزىگە ئىشەنچى بولمىغان، غەيرەت ۋە جاسارىتى بولمىغان ئادەمگە سىرتتىن قىلىنغان ياردەمنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولماس.**



## VEBA SALGINI

Bir zamanlar veba hastalığı sarmış ormanı. Hayvanlar peşpeşe ölmeye başlamışlar. Ormanın kralı Aslan toplamış bütün hayvanları:

— Dostlarım, demiş. Bu veba Allah'ın bize verdiği bir cezadır. İçimizde kim günahkarsa bulup çıkaralım. Onu kurban edelim.

Tilki sormuş:

— Sayın kralım, bunu anlamak için ne yapacağız?

Aslan gülmüş:

— Kolayı var, diye cevap vermiş. Herkes ne günahı varsa ortaya döksün. İşte ben kendi günahlarımı anlatıyorum. Pis boğazım yüzünden az mı koyun yedim. Hadi koyun yenir diyelim, hiç çoban yenir mi? Ne yazık ki ben onu da yedim. Bu hastalık, benim günahımdansa, alın canımı feda olsun size. Ama öncelikle herkes de benim gibi suçlarını söylesin. Tilki:

## ۋابا كېسلى

بىر زامانلار ۋابا كېسلى تارقىلىپتۇ ئورمانغا. ھايۋانلار ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈشكە باشلاپتۇ. ئورمان پادىشاھى شىر توپلاپتۇ پۈتۈن ھايۋانلارنى:

- دوستلىرىم، - دەپتۇ. بۇ ۋابا ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن بىر جازاسىدۇر. ئىچىمىزدىن كىم گۇناھكار بولسا تېپىپ چىقىرايلى. ئۇنى قۇربان قىلايلى.

تۈلكە سوراپتۇ:

- ھۆرمەتلىك شاھىم، بۇنى بىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىمىز؟

شىر كۈلۈپتۇ:

- قولاي يولى بار، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ھەممەيلەن نىمە گۇناھى بولسا ئوتتۇرىغا قويسۇن. مانا مەن گۇناھىمنى ئېيتىۋاتىمەن. تويماس نەپسىم تۈپەيلىدىن ئاز قوي يېمىدىم. قېنى قوينى يېيىشكە بولىدۇ دەيلى، پادىچىنىمۇ يېگەن بارمۇ؟ بىراق مەن ئۇنىمۇ يېدىم. بۇ كېسەل، مېنىڭ گۇناھىمدىن بولغان بولسا ئېلىڭلار جېنىمنى پىدا بولسۇن سىلەرگە. ئەمما ئاۋۋال ھەممەيلەن ماڭا ئوخشاش گۇناھىنى ئېيتسۇن. تۈلكە:

— Aman sultanım, sizinki kötülük değil, aslında iyilik. Ne olmuş sanki o aşağılık koyunları yemişseniz. Çobana da oh olmuş. Hayvan gütme de ne oluyor? Başka bir iş bulamadı mı kendine, demiş.

Tüm hayvanlar bu sözleri alkışlamışlar. Diğer hayvanlar da gelip bir bir günahlarını anlatmışlar. Hepsi de haklı bulunmuş. En azgın bir köpeğin bile bir evliya olmadığı kalmış.

Sıra sonunda eşeğe gelmiş. Söz alıp günahını anlatmaya başlamış.

— Bir gün, hiç unutmam, bir din adamının çayırından geçiyordum. Çok ta acıkmıştım. Ortalıkta kimsecikler de yoktu. Şeytan: Şu yeşil çayırlardan bir tutam koparıp ye diye dürttü. Ben de dayanamadım koparıp yedim.

Bunu söyler söylemez, bütün hayvanlar eşeğe yüklenmişler. Kurt derhal yargıç olup kürsüye çıkmış:

— İşte, demiş. İçimizdeki günahkarı bulduk. Bu mendebur yüzünden, Allah bizi cezalandırıyor. Onu kurban edelim hemen.

Kurdun bu önerisi haklı bulunmuş. Zavallı eşeği, oracıkta öldürüp parçalamışlar.

**• Güçlü ne yapsa haklı bulunur; yoksul ve zayıf ağzını açsa günah sayılır.**

- ئامان شاھىم، سىزنىڭكىسى يامانلىق ئەمەس، ئەسلىدە ياخشىلىق. نىمە بولۇپتۇ، ئۇ پەس قويلارنى يېگەن بولسىڭىز. پادىچىغىمۇ خوپ بوپتۇ. ھايۋان بېقىشقا نىمە قويۇپتۇ؟ باشقا بىر ئىش تاپالمىدىمۇ ئۆزىگە، - دەپتۇ.

پۈتۈن ھايۋانلار بۇ سۆزلەرنى ئالقىشلاپتۇ. باشقا ھايۋانلارمۇ بىر بىرلەپ گۇناھلىرىنى ئاڭلىتىپتۇ. ھەممىسى ھەقلىق چىقىپتۇ. ئەڭ ئازغۇن ئىتنىڭمۇ بىر ئەۋلىيا بولمىغىنى قاپتۇ.

نۆۋەت ئاخىرىدا ئېشەككە كەپتۇ. گۇناھىنى ئاڭلىتىشقا باشلاپتۇ.

- بىر كۈنى، ھىچ ئۇنۇتمايمەن، بىر موللىنىڭ ئوتلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم. قورسىقىم بەك ئاچقانىدى. ئەتراپتا ھىچكىم يوقتى. شەيتان، شۇ يېشىل ئوتلاردىن بىر تۇتام يۇلۇپ يە، دەپ كۈشكۈرتتى. مەنمۇ چىدىيالمىدىم، يۇلۇپ يىدىم.

بۇنى دىيىشىگە پۈتۈن ھايۋانلار ئېشەككە يۈكلىنىپتۇ. بۆرە دەرھال سوتچى بولۇپ سەھنىگە چىقىپتۇ:

- مانا، دەپتۇ. ئىچىمىزدىكى گۇناھكارنى تاپتۇق. بۇ پەسكەش يۈزىدىن ئاللا بىزنى جازالاۋاتىدۇ. ئۇنى قۇربانلىق قىلايلى دەرھال.

بۆرىنىڭ تەۋسىيىسى توغرا تېپىلىپتۇ. بىچارە ئېشەكنى، شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ پارچىلاپتۇ.

**. كۈچلۈك نىمە قىلسا توغرا تېپىلىدۇ؛ يوقسۇل ۋە ئاجىز ئاغزىنى ئاچسا گۇناھ سانىلىدۇ.**

www.Mahinur.Com



## DİŞİ KÖPEKLE ARKADAŞI

Bir dişi köpek yavrulayacakmış. Fakat yavrularını doğuracak yeri yokmuş. Bir arkadaşına yalvararak birkaç günlüğüne kulübesini ona bırakmaya razı etmiş.

Aradan bir zaman geçince, arkadaşı kapıya gelmiş, kulübesini geri istemiş.

Dişi köpek:

— Ne olur, bir müddet daha kalayım, yavrularım pek küçük, ayakta zor duruyorlar, diye yalvarmış.

Arkadaşı, bu isteği de geri çevirmemiş.

Aradan bir iki hafta daha geçmiş. Dişi köpek yavruları büyümüş. Kulübenin sahibi, yeniden kapıya gelmiş.

— Artık yeter! Evimi, odamı, yatağımı özledim, demiş.

## چىشى ئىت بىلەن دوستى

بىر چىشى ئىت كۆچۆكلىمەكچى ئىكەن. بىراق باللىرىنى تۇغىدىغان يېرى يوقكەن. بىر ئاغىنىسىغا يالۋۇرۇپ بىر نەچچە كۆنلۆك كۆلبىسىنى ئۆزىگە بېرىشكە رازى قىپتۇ.

ئارىدىن خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكەندە، دوستى ئىشىككە كەپتۇ، كۆلبىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىستەپتۇ.

چىشى ئىت:

ـ نىمە بولار، بىر مەزگىل يەنە قالاي، باللىرىم بەك كىچىك، ئاران دەسسەيدۇ، ـ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئاغىنىسى، بۇ ئىستەكنىمۇ رەت قىلماپتۇ.

ئارىدىن بىر ئىككى ھەپتە ئۆتۈپتۇ. چىشى ئىتنىڭ باللىرى چوڭ بولۇپتۇ. كۆلبىنىڭ ئىگىسى، يېڭىدىن ئىشىككە كەپتۇ.

ـ ئەمدى يېتەر، ئۆيۈمنى، ھۇجرامنى، ياتىقىمنى سېغىندىم، ـ دەپتۇ.

Dişi köpek, bu kez arkadaşına keskin dişlerini göstererek hırlamış...

— Eğer çıkarabilirsen çıkar beni burdan, demiş, İçerdeki aslanlarımla seni parçalamadan çek git kapıdan.

• **Karakterinde kötülük olanlara ne iyiliği yapsan, yaranamazsın. Yavuz hırsız, ev sahibini evinden kovarmış.**

چىشى ئىت بۇ قېتىم ئاغىنىسىگە ئۆتكۈر چىشلىرىنى كۆرسىتىپ خىرس قىپتۇ...

- ئەگەر چىقىرالىساڭ چىقار مېنى بۇ يەردىن، دەپتۇ، ئىچىدىكى ئاسلانلىرىم بىلەن سېنى پارچىلىماستىن قايتىپ كەت ئىشىكتىن.

. **تەبىئىتى يامانلارغا قانداق ياخشىلىق قىلساڭ، يەنىلا كۆڭلىنى ئالالمايسەن. ياۋۇز ئوغرى، ئۆي ئىگىسىنى ئۆيىدىن قوغلارمىش.**

www.Mahinur.Com



## YARASA KUŞ MU, FARE Mİ?

Yarasaların izbe yerlerde ayakları ile bir yere tutunarak tepesi üstü uyuduklarını hepiniz bilirsiniz.

Bir gün yarasanın biri, yine tepesi üstü uyurken, pat diye aşağı düşüvermiş. Meğer düştüğü yer de, bir gelinciğin yuvasıymış. Gelincikler, kedilerden sonra farelerin en amansız düşmanı; yarasa da hayvanlar içinde fareye en çok benzeyeni... Adeta uçan fare...

Gelincik, ayağına gelen bu fırsatı kaçırmamış. Yarasayı yakalayıp:

— Ben seni yerde arıyordum, gökten önüme düştün. Şimdi ölümlerden ölüm beğen bakalım, demiş.

— Ben, sana ne yaptım arkadaş. Galiba sen beni düşmanın olan farelerle karşıtırdın.

— Ne? Sen fare değil misin?

— Tabii değilim. Ben yarasayım. Bir kuşum. Senin kuşlarla

## شەپەرەڭ قۇشمۇ، چاشقانمۇ؟

شەپەرەڭلەرنىڭ نەم يەرلەردە پۇتى بىلەن تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلايدىغىنىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر.

بىر كۈنى بىر شەپەرەڭ تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلاۋاتقاندا، پوككىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. چۈشكەن يېرى بولسا بىر ئاغمىخاننىڭ ئۇۋىسى ئىكەن. ئاغمىخانلار مۈشۈكتىن قالسىلا، چاشقانلارنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى؛ شەپەرەڭمۇ ھايۋانلاردىن چاشقانغا ئەڭ ئوخشايدىغىنى... يەنى ئۇچىدىغان چاشقان...

ئاغمىخان ئايىقىغا كەلگەن پۇرسەتنى قاچۇرماپتۇ. شەپەرەڭنى تۇتۇۋېلىپ:

- مەن سېنى يەردىن ئىزدەۋاتاتتىم، ئاسماندىن ئالدىمغا چۈشتۈڭ. ئەمدى ئۆلۈملەردىن ئۆلۈم تاللا قېنى، - دەپتۇ.

- مەن ساڭا نىمە قىلدىم بۇرادەر. بەلكى سەن مېنى دۈشمىنىڭ بولغان چاشقانلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇڭ.

- نىمە؟ سەن چاشقان ئەمەسمۇ؟

- ئەلۋەتتە ئەمەس. مەن شەپەرەڭ. بىر قۇش. سېنىڭ قۇشلار بىلەن بىر ئېلىپ - بېرىشىڭ بارمۇ؟

bir alıp vereceğin var mı?

— Yok elbette.

— Öyleyse beni bırak da yoluma gideyim.

Gelincik bu açıklama karşısında yarasayı serbest bırakmış. Ama bir süre sonra, yarasayı, kuşlara düşman bir av köpeği yakalamış.

— İşte şimdi yandın, demiş.

Yarasa artık kurnazlaşmış ya:

— Yavaş ol, demiş köpeğe. Sen beni galiba kuş sandın. Ben fareyim, hiç kuşa benzer yerim var mı?

Kurnazlığı sayesinde bu tehlikeden de kurtulan yarasa kaçıp gitmiş.

ـ يوق ئەلۋەتتە.

ـ ئۇنداق بولسا مېنى قويۇۋەت ـ دە، يولۇمغا ماڭاي.

ئاغمىخان بۇنى ئاڭلاپ، شەپەرەڭنى قويۇۋېتىپتۇ. ئەمما بىردەمدىن كېيىن، شەپەرەڭنى، قۇشلارغا دۇشمەن بىر ئوۋ ئىتى تۇتۇۋاپتۇ.

ـ مانا ئەمدى كۆيدۈڭ، ـ دەپتۇ.

شەپەرەڭ ئەمدى ھىيلىگەرلىكنى ئۆگەنگەن ئىدى:

ـ ئاستىراق، ـ دەپتۇ ئىتقا. سەن بەلكى مېنى قۇش دەپ قالدىڭ. مەن چاشقان، ھېچ قۇشقا ئوخشايدىغان يېرىم بارمۇ؟

ھىيلىگەرلىكى سايىسىدە بۇ خەتەردىنمۇ قۇتۇلغان شەپەرەڭ قېچىپ كېتىپتۇ.



## GÜNEŞ VE KURBAĞALAR

Vaktiyle zorbanın biri evleniyormuş. Herkes sevinç içinde bu evlenmeyi kutluyorlarmış. Yalnız Ezop düşünceliymiş. Bu eğlenceyi mantıksız buluyormuş. Bunun nedenini soranlara da, şu masalı anlatmış:

— Evvel zaman içinde güneş evlenmek istemiş. Bu haber bir anda göllere, denizlere yayılmış. Haberi duyunca, kurbağaları bir tasadır alıvermiş. Başlamışlar, vrak vrak diye şikayet etmeye. Şöyle diyorlarmış:

— Güneş evlensin evlenmesine ama çocukları olursa, zaten bir tek güneş bile bizi kasıp kavurmakta. Yavrularıyla birlikte beş on güneş olunca, o zaman biz ne yaparız? Kurutur bütün suları, denizleri. Ne bataklık kalır orta yerde, ne de sazlık. Ocağımız söner bizim.

**• Başlarında bir belâ varken, gelecek olan yeni belâlara sevinir mi insan? Ancak akılsız insanlar, ileride kendilerini bekleyen tehlikeleri düşünmeden, yerli yersiz gülüp eğlenirler.**

## قۇياش ۋە پاقىلار

زاماندا بىر زومىگەر توي قىلماقچى بوپتۇ. ھەممەيلەن خۇشاللىق بىلەن بۇ توينى قۇتلاپتۇ. پەقەت ئېزوپ ئويغا پېتىپتۇ. بۇ خۇشاللىقنى مەنتىقسىز دەپ قارايدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا شۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

ـ بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا قۇياش توي قىلماقچىكەن. بۇ خەۋەر بىردىنلا كۆللەرگە، دېڭىزلەرگە يېيىلىپتۇ. خەۋەرنى ئاڭلاپ، پاقىلار ئەنسىزلىككە چۆمۈپتۇ. كۇركىراپ باشلاپتۇ شىكايەت قىلىشقا. مۇنداق دەۋاتقانمىش:

ـ قۇياش توي قىلسا قىلسۇن، زادى بىر قۇياشمۇ بىزنى قىززىتىپ قورۇۋاتىدۇ. بالىلىرى بىلەن بەش ئون قۇياش بولۇپ كەتسە، ئۇ زامان بىز قانداق قىلىمىز؟ قۇرىتىدۇ پۈتۈن سۇلارنى، دېڭىزلارنى. يا پاتقاقلىق قالمايدۇ يا سازلىق. ئوچىغىمىز ئۆچىدۇ بىزنىڭ.

. باشلىرىدا بىر بالا ـ قازا باركەن. كەلگۈسى يېڭى بالالارغا خۇشال بولامدۇ ئىنسان؟ پەقەت ئەقىلسىز ئادەملەر ئالدىدا ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان يېڭى خەتەرلەرنى ئويلىماستىن ئورۇنسىز كۈلۈپ ئوينايدۇ.



## DEĞİRMENCİ, OĞLU VE EŞEĞİ

Bir değirmenci, oğlu ile yaşarmış. Adam çok yaşlıymış. Oğlu ise daha çocuk sayılırmış. Baba oğul bir gün pazara gidiyorlarmış. Niyetleri emektar eşeklerini satıp bir yenisini almakmış.

Pazarda dinç görünsün, yorulup yıpranmasın diye eşeği ayaklarından bir direğe bağlayıp, baba oğul sırtlarına almışlar. Öylece yürüyorlarmış. Onları ilk gören, kahkahayı basmış:

— Bunların akıllarından zoru var galiba, eşeğin eşeği olmuşlar. Hiç eşek sırtta taşınır mı?

Değirmenci ile oğlu, eşeği yere indirmişler. Çocuk eşeğe binmiş, düşmüşler yola. Bir süre gittikten sonra üç köylüye rastlamışlar. Köylülerden en yaşlısı, eşeğin sırtındaki çocuğa seslenmiş:

— Hiç insaf yok mu sende! Ak sakallı babanı yürütmeye utanmıyor musun?

Değirmenci, adamları haklı bulmuş. Oğlunu eşekten indirip bu kez kendisi binmiş.

Bir süre sonra iki genç kıza rastlamışlar. Kızlardan biri:

## تۆگمەنچى، ئوغلى ۋە ئېشىگى

بىر تۆگمەنچى، ئوغلى بىلەن ياشايدىكەن. ئادەم بەك قېرىكەن. ئوغلى بولسا تېخى بالا ھېساپلىنىدىكەن. دادا ـ بالا بىر كۈنى بازارغا مېڭىپتۇ. ئۇلار ئۆز نىيىتىدە ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان ئېشىكىنى سېتىپ، بىر يېڭىسىنى ئالماقچىكەن.

بازاردا تىنچ كۆرۈنسۇن، ھېرىپ كەتمىسۇن دەپ پۇتلىرىنى چېتىپ، بىر تاياققا باغلاپ، دادا بالا كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. شۇنداق كېتىۋاتسا، ئۇلارنى تۇنجى كۆرگەن كىشى قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ:

ـ بۇلارنىڭ ئەقلى جايىدا ئەمەس، بەلكى، ئېشەكنىڭ ئېشىگى بولۇپتۇ. ئېشەك يۈدۈپ توشۇغىلى بولامدۇ؟

تۆگمەنچى بىلەن ئوغلى ئېشەكنى پەسكە چۈشۈرۈپتۇ. بالا ئېشەككە مىنىپ، يولغا چىقىپتۇ. خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۈچ يېزىلىققا ئۇچراپتۇ. يېزىلىقلاردىن ئەڭ قېرى بولغىنى بالىغا دەپتۇ:

ـ ھېچ ئىنساپ يوقمۇ سەندە! ئاق ساقاللىق داداڭنى پىيادە قويۇشقا خىجىل بولمامسەن؟

تۆگمەنچى ئادەملەرنىڭ ئېيتقىنىنى توغرا تېپىپتۇ. ئوغلىنى چۈشۈرۈپ بۇ قېتىم ئۆزى مىنىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن ئىككى ياش قىزغا يولۇقۇپتۇ. قىزلاردىن بىرسى:

— Koca bunak, demiş. Yazık değil mi zavallı delikanlıya? Sen eşeğin sırtında gidiyorsun, o yayan...

Değirmenci bakmış olacak gibi değil, herkes haklı. Çocuğu arkasına almış. Böylece eşeğin üstünde düşmüşler yola. Bir süre yol aldıktan sonra başka yolcular önlerine çıkmış. Yolculardan biri:

— Yahu hiç acıma duygusu yok mu sizde. Zavallı hayvana bu işkence yapılır mı? demiş.

Değirmenci, ne yapacağını şaşırmış. Oğluyla birlikte inmişler eşekten. Yaya yürümeye başlamışlar. Eşek önlerinde, kendileri arkada gidiyorlarmış. Bir başkası rastlamış onlara:

— Hoppala! demiş. Önünüzde eşek boş gidiyor, siz yaya yürüyorsunuz. Hani üç eşek diye bir şarkı vardır. Sanki sizin için söylenmiş.

Değirmencinin sabrı taşmış artık:

— Doğru söyledin arkadaş, hiç eşek olmasam uyar mıydım sizlere. Ama bundan sonra ne derseniz deyin; beni ister beğenin ister beğenmeyin, canım ne istiyorsa onu yapacağım, demiş.

- ئالجغان قېرى، دەپتۇ. ئۇۋال ئەمەسمۇ بىچارە يىگىتكە؟ سەن ئېشەكتە كېتىۋاتىسەن، ئۇ پىيادە...

تۈگمەنچى قاراپتۇ، بۇ ئىش قاملاشمىدىغاندەك ئەمەس، ھەممىسىنىڭ توغرا. بالىسىنى كەينىگە ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىلىسى ئېشەكنىڭ ئۈستىدە يولغا چىقىپتۇ. خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىغا باشقا يولۇچىلار ئۇچراپتۇ. يولۇچىلاردىن بىرسى:

- يائاللا، ھېچ ئىچىڭلار ئاغرىمامدۇ، بىچارە ھايۋاننى بۇنداق قىينىساڭلار بولامدۇ؟ - دەپتۇ.

تۈگمەنچى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئوغلى بىلەن ئېشەكتىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئېشەك ئالدىدا، ئۆزلىرى ئارقىدا كېتىۋاتسا، بىر باشقىسى ئۇچراپتۇ ئۇلارغا:

- ئاپلا! دەپتۇ. ئالدىڭلاردا ئېشەك بوش كېتىۋاتىدۇ، سىلەر پىيادە مېڭىۋاتىسىلەر. ھېلىقى ئۈچ ئېشەك دەپ بىر ناخشا بارغۇ. خۇددى سىلەر ئۈچۈن ئېيتىلغاندەك.

تۈگمەنچىنىڭ سەۋرى تېشىپتۇ ئەمدى:

- توغرا دەيسەن بۇرادەر، ئېشەك بولمىغان بولسام گېپىڭلارغا كىرەرمىدىم. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن نېمە دېسەڭلەر دەڭلار؛ مېنى خالىساڭلار ياقتۇرۇڭلار، خالىمىساڭلار ياقتۇرماڭلار، جېنىم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىمەن، دەپتۇ.



## İNATÇI EŞEK

Köylünün biri, eşeğini patika bir yolda yürütmeye çalışıyordu.

Hayvanın sırtında yük yoktu.

Eşek, birdenbire patikadan ayrılıp derin bir uçurumun yamaçlarındaki kayalıklara doğru saptı.

Eşeğin uçurumdan aşağıya yuvarlanmak üzere olduğunu gören köylü yetişti ve hayvanı kuyruğundan yakalayıp geri çekmeye başladı.

Fakat eşeğin inadı üstündeydi. Bir santim bile geri gelmiyor, ileri gitmeye çabalıyordu.

Eşeğin inadı yüzünden kendisinin de eşekle birlikte uçurumdan aşağı düşeceğini anlıyan köylü, çaresiz, hayvanın kuyruğunu bıraktı.

## جاھىل ئېشەك

بىر سەھرالىق كىشى ئېشىگىنى چىغىر يولدا ماڭغۇزۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. ھايۋاننىڭ ئۈستىدە يۈك يوق ئىدى.

ئېشەك، تۇيۇقسىز چىغىر يولدىن چىقتى ۋە چوڭقۇر بىر جىلغىنىڭ يان باغرىدىكى قىيالىقلارغا قاراپ ماڭدى.

ئېشەكنىڭ يارىدىن چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغىنىنى كۆرگەن سەھرالىق كىشى يېتىشتى ۋە ھايۋاننىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ كەينىگە تارتىشقا باشلىدى.

ئەمما ئېشەكنىڭ جاھىللىقى تۇتقانىدى. بىر سانتىم كەينىگە قايتماستىن، ئالدىغا مېڭىشقا كۈچەيتتى.

ئېشەكنىڭ جاھىللىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭمۇ ئېشەك بىلەن بىللە يارىدىن چۈشۈپ كېتىدىغىنىنى چۈشەنگەن سەھرالىق، چارىسىز، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇپ بەردى.

Eşek köylünün elinden kurtulur kurtulmaz, ayağı kayarak uçurumdan aşağı doğru düşmeye başladı.

Köylü, inatçı eşeğin ardından üzüntü ile bakarken, kendi kendine de şöyle söyleniyordu:

— Ne halin varsa gör. Beni inadınla yendin. Ama bil ki bu, senin için hayırlı bir zafer değildir.

**• Körükörüne bir inatla, kişinin varacağı bir yer yoktur.**

**• İnat hak yolda olursa güzeldir. Ona da inat değil, sebat denir.**

ئېشەك ئادەمنىڭ قولىدىن قۇتۇلار قۇتۇلماي، پۇتى تېيىلىپ ياردىن چۈشۈشكە باشلىدى.

سەھرالىق، ئېشەكنىڭ كەينىدىن كۆڭلى يېرىم قاراۋاتقاندا، ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دەۋاتاتتى:

ـ نېمە هالىڭ بولسا كۆر! جاھىللىقىڭ بىلەن مېنى يەڭدىڭ. ئەمما بىلگىنكى بۇ، سېنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك بىر زەپەر بولمىدى.

. قارغۇلارچە بىر جاھىللىق بىلەن، كىشىنىڭ يېتىپ بارىدىغان بىر يېرى يوقتۇر.
. جاھىللىق ھەق يولىدا بولسا ياخشى. ئۇ جاھىللىق ئەمەس، چىڭ تۇرۇش دېيىلىدۇ.



## ŞARLATANIN ÜMİDİ

Dünyada her zaman şarlatan insanlar olmuştur. Bunlar, gerçekleşmeyecek iddialarda bulunur, tutamayacakları sözleri verirler. Ama söz ustası oldukları için, insanlara kendilerini dinletmeyi başarırlar. Bir zaman bu şarlatanlardan biri şöyle diyormuş:

— Evet baylar, isterseniz bir uyuz eşek, bir hayvan getirin bana, uğraşıp adam edeyim onu. İnanmayanların huzurunda nutuk çeksin.

Bu sözler kralın kulağına gitmiş. Adamı sarayına çağırtmış.

— Bir güzel eşeğim var ahırımda, demiş. Şunu bir güzel hatip yap. Huzurumda, nutuk çeksin.

— Başüstüne demiş adam. Siz isterseniz neler olmaz ki. Ancak para gerekli. Tam on yıl eğitimden geçtikten sonra, istediğiniz gibi olmazsa beni asabilirsiniz.

## پوچىنڭ ئۆمدى

دۈنيادا هەر زامان پوچى ئىنسانلار بولدۇ. بۇلار ئەمەلگە ئاشمايدىغان سۆزلەرنى قىلدۇ، قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېردۇ. ئەمما سۆز ئۇستىسى بولغانلىقلرى ئۆچۈن ئىنسانلارغا سۆزلىرىنى ئاڭلىتالايدۇ.

بىر زامانلاردا بۇ پوچلاردىن بىرى مۇنداق دەپتۇ:

ـ شۇنداق بەگلەر، خالىساڭلار بىر قوتۇر ئېشەك، بىر هايۋان ئەكىلىڭلار قېشىمغا. مەن هەپىلىشىپ ئۇنى ئادەم قىلاي، ئىشەنمىگەنلەرنىڭ هوزۇرىدا نۇتۇق سۆزلىسۇن.

بۇ سۆزلەر پادىشاهنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئادەمنى سارىيىغا چاقىرتىپتۇ.

ـ بىر چىرايلىق ئېشىگىم بار ئېغىلىمدا، ـ دەپتۇ. ـ شۇنى ياخشى بىر خاتىپ قىل. هۇزۇرۇمدا نۇتۇق سۆزلىسۇن.

ـ باش ئۈستىگە، ـ دەپتۇ ئادەم. ـ سىز خالىسىڭىز نىملەر بولمايدۇ. پەقەت پۇل لازىم. دەل ئون يىللىق تەربىيەدىن كېيىن خالىغىنىڭىزدەك بولمىسا مېنى ئاسسىڭىز بولىدۇ.

Saraylılardan biri, şarlatana yaklaşmış, gizlice kulağına eğilip demiş ki:

— Tam darağaçlık adamsın. Seni asılırken görmeye geleceğim. O sırada bize bir nutuk çekmeyi unutma! Hem de şöyle dokunaklı cinsinden olsun. Bütün şarlatanların kulaklarında küpe kalsın.

Adam bu söze şöyle karşılık vermiş:

— Sen hava alırsın arkadaş. On yılda ya kral ölür, ya eşek, ya da ben...

سارايدىكىلەردىن بىرى پوچىغا يېقىنلىشىپ، يوشۇرۇنچە قۇلىقىغا يېقىنلىشىپ (ئىگىلىپ) مۇنداق دەپتۇ:

ـ دەل دارغا لايىق ئادەم سەن . سېنى ئاسىدىغان چاغدا كۆرگىلى كېلىمەن. ئۇ ۋاقىتتا بىزگە بىر نۇتۇق سۆزلەشنى ئۇنتۇما! ھەم شۇنداق بىر نۇتۇق بولسۇنكى. پۈتۈن پوچىلارنىڭ قۇلىقىدا ھالقا بولۇپ قالسۇن.

ئادەم بۇ سۆزگە مۇنداق قارشىلىق بېرىپتۇ:

ـ سەن ھاۋا يەپ قالسەن بۇرادەر. ئون يىلدا يا پادىشاھ ئۆلىدۇ، يا ئېشەك، يا مەن...



## GEYİKTEN ÖCÜNÜ ALMAK İSTEYEN AT

Atlar, evcilleşmeden önce, dağda bayırda özgür dolaşırdı.

Bir gün geyik, ata kötü bir oyun oynadı. At buna kızdı, intikam almak için geyiğin peşine düştü. Fakat geyik rüzgar gibi hızlıydı. At ona yetişemedi. Bunun üzerine insanoğluna başvurdu. Geyiğin yaptıklarını anlattıktan sonra, ondan yardım istedi.

İnsanoğlu, atın sırtına binip ağzına gem vurdu. Dizgini eline alıp onu geyiğin peşine sürdü. Ata soluk aldırmadan koşturdu. Sonunda geyikten atın öcünü aldı.

Teşekkür edip dönmek istedi at, ama insanoğlu:

— Bırakmam seni, dedi. Sende iş var. Bir ahır yaparım sana, içine girer, bol bol yiyip içip yatarsın.

İşte o günden sonra at, özgürlüğünü yitirdi, hep insanoğlunun emri altında yaşadı.

**• Öç alma duygusu insanı bazan telafisi imkansız kayıplara sürükleyebilir.**

## كىيىكتىن ئۆچ ئالماقچى بولغان ئات

ئاتلار كۆندۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال تاغدا يايلاقتا ئەركىن ئايلىناتتى.

بىر كۈنى كىيىك ئاتقا يامان بىر ئويۇن ئوينىدى. ئاتنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلدى، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن كىيىكنىڭ كەينىگە چۈشتى. ئەمما كىيىك شامالدەك تېز ئىدى. ئات ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمگە خەۋەر بەردى. كىيىكنىڭ قىلغانلىرىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ياردەم ئىستىدى.

ئادەم، ئاتنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئاغزىغا يۈگەن سالدى. تىزگىننى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى كىيىكنىڭ پېشىگە سالدى. ئاتقا نەپەس ئالدۇرماي چاپتۇردى. ئاخىرى كىيىكتىن ئۆچىنى ئالدى.

تەشەككۈر ئېيتىپ قايتماقچى بولدى ئات، ئەمما ئادەم:

- قويۋەتمەيمەن سېنى، - دېدى. سەندە ئىش بار. بىر ئېغىل ياسايمەن ساڭا، ئىچىگە كىرىپ جىق جىق يەپ ئىچىپ ياتىسەن.

مانا مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئات ئەركىنلىكىنى يوقاتتى. ھەرزامان ئادەمنىڭ ئەمرى ئاستىدا ياشىدى.

**• ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسى ئىنساننى بەزىدە ئورنىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان يوقىتىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ.**



## KURNAZ KEDİ

Adamın evinde, fareler cirit atıyordu. Baktı ki olacak gibi değil, tutup eve bir kedi aldı. Kedi, fareleri tek tek avlamaya başladı. Fareler, yok olma tehlikesi karşısında düşünüp taşınıp kedinin pençesine düşmemek için bir karar aldılar.

— Bir süre deliğimizden dışarı adımımızı bile atmayalım. Ortalıkta hiç dolaşmayalım, dediler.

Gerçekten bir zaman hiç dışarı çıkmadılar. Kedi tek bir farenin bile ortalıkta boy göstermemesi üzerine:

— Şunlara bir oyun oynayayım da görsünler günlerini, dedi.

Duvara tırmandı. Baş aşağı asılarak ölü taklidi yapmaya başladı. Fareler kediden ses soluk çıkmadığını görünce ne olduğunu merak ettiler. İçlerinden biri, başını delikten uzatıp baktı. Kediyi duvarda ölü gibi asılı görünce, bıyık altından güldü. Ve kediye şöyle seslendi:

— Kurnazlığına diyecek yok doğrusu. Ama avucunu yalarsın. Sen duvara çakılı çivi bile olsan, biz yine de yaklaşmayız yanına!

**• İnsan karşısındakinin kötü karakterini öğrendikten sonra, ona karşı tedbirli olmayı elden bırakmamalıdır.**

## هيلىگەر مۈشۈك

ئادەمنىڭ ئۆيىدە چاشقانلار قۇتراپ كەتتى. قارىسا ئىش چاتاق، تۇتۇپ ئۆيگە بىر مۈشۈك ئەكەلدى. مۈشۈك چاشقانلارنى بىردىنبىردىن ئوۋلاشقا باشلىدى. چاشقانلار، يوقلىش خەۋپى ئاستىدا ئويلاپ ـ ئويلاپ، مۈشۈكنىڭ پەنجىسىگە چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى.

ـ بىر مەزگىل تۆشۈكتىن سىرتقا قەدىمىمىزنىمۇ ئاتمايلى. ئەتراپتا ھېچ ئايلانمايلى، ـ دېيىشتى.

راستىنلا بىر مەزگىل ھېچ سىرتقا چىقمىدى. مۈشۈك ئەتراپتا بىر تالمۇ چاشقان قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ شۇلارغا بىر ئويۇن ئويناي ـ دە، كۆرسۇن كۈنلىرىنى، ـ دېدى.

تامغا ياماشتى. بېشىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئۆلۈپ قالغاندەك ئېسىلىپ ياتتى. چاشقانلار مۈشۈكتىن ئاۋاز چىقمىغىنىنى كۆرۈپ نىمە بولغىنىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى. ئارىسىدىن بىرى بېشىنى تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى. مۈشۈكنى تامدا ئۆلۈكتەك ئېسىغلىق كۆرۈپ، بۇرۇت ئاستىدىن كۈلدى ۋە مۈشۈككە مۇنداق دېدى:

ـ ھىيلىگەرلىكىڭگە سۆز توغرا كەلمەيدۇ قىسقىسى. ئەمما سەن ئوۋۇچۇڭنى يالا. سەن تامغا قېقىلغان مىخ بولساڭمۇ، بىز يەنە يېقىنلاشمايمىز يېنىڭغا!

**. ئىنسان كۆز ئالدىدىكىنىڭ يامان خۇيىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتا ھەر زامان تەدبىرلىك بولۇشى كېرەك.**



## KÖYLÜ VE KÖPEKLERİ

Köyde yaşıyanlar, o güne kadar böylesine şiddetli bir kış göremişlerdi. Her taraf karla kaplanmıştı. Civardaki köy ve kasabalarla bağlantı tamamen kesilmişti. Kış böyle devam ettiği takdirde, köyü büyük bir açlık bekliyordu.

Nitekim, yiyeceği kalmayan yaşlı bir köylü, önce sahip olduğu tek koyununu kesmeye mecbur kaldı. Kar ve kış sürmeye devam edince, iki keçisini de kesti. Fakat kar durmuyor, hava daha da kötüleşiyordu. Yaşlı köylü sonunda ailesini doyurmak için, kendisine son derece yararlı olan öküzünü de gözden çıkardı.

Koyun ve keçilerden sonra köylünün gözü gibi baktığı öküzün de kesildiğini gören köpekler:

— Dışarısı ne kadar karla kaplı olursa olsun, bizim buradan ayrılmamızın zamanı geldi. Eğer efendimiz, çok sevdiği öküzünü bile acımadan kurban ettiyse, sıranın artık bize geleceğine emin olabiliriz, diye düşündüler. Ve büyük bir hızla evi terkettiler.

• **Akıllı olmak, yaklaşmakta olan tehlikeleri önceden görüp, önlem alabilmektir.**

## يېزىلىق ۋە ئىتلىرى

يېزىدا ياشىغانلار، مۇشۇ كۈنگە قەدەر، مۇنداق قاتتىق قىش كۆرمىگەن ئىدى. ھەممە ئەتراپ قار بىلەن قاپلانغان ئىدى. ئەتراپتىكى يېزا ۋە بازارلار بىلەن ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئىدى. ئەگەر قىش مۇشۇنداق داۋاملاشسا، يېزىنى چوڭ بىر ئاچارچىلىق كۈتۈپ تۇراتتى.

نەتىجىدە، يەيدىغىنى قالمىغان قېرى بىر يېزىلىق، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قوينى كېسىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما قار ۋە قىش داۋام قىلغاچقا، يېزىلىق ئىككى ئۆچكىسىنىمۇ كەستى. ئەمما قار توختىمىدى ۋە ھاۋا تېخىمۇ يامانلاشماقتا ئىدى. قېرى يېزىلىق ئاخىرى ئائىلىسىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن، ئۆزىگە ئەڭ ئەسقاتىدىغان ئۆكۈزىنىمۇ قۇربان قىلدى.

قوي ۋە ئۆچكىلەردىن كېيىن يېزىلىقنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان ئۆكۈزىنىمۇ كەسكەنلىكىنى كۆرگەن ئىتلار:

ـ تالا قانچىلىك قار بىلەن قاپلانغان بولسا بولسۇن، بىزنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىشىمىزنىڭ ۋاقتى كەلدى. ئىگىمىز ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئۆكۈزىنىمۇ ئىچ ئاغرىتماستىن قۇربان قىلغانىكەن، نۆۋەتنىڭ ئەمدى بىزگە كەلگىنىگە ئىشەنسەك بولىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ۋە ناھايىتى تېزلا ئۆينى تاشلاپ قېچىپتۇ.

**. ئەقىللىق بولماق، يېقىنلىشىۋاتقان خەتەرنى ئاۋۋال كۆرۈپ ئالدىنى ئالماقتۇر.**



## GENÇ KIZ OLAN KEDİ

Çok eski zamanlarda, güzel bir kedi varmış. İçinde yaşadığı evin yakışıklı erkeğine aşık olmuş.

Erkeğin, kedinin bu sevgisine cevap vermesi imkansızmış. Kedi bunun üzerine, bir sihirbaza giderek kendisine yardım etmesi için yalvarmış. Sihirbaz, kara sevdaya tutulan kediye acımış. Ona sihirle, göz alıcı güzel bir kız görüntüsü kazandırmış.

Erkek, bu güzel kızı görür görmez aşık olmuş. Kısa bir süre sonra da onunla evlenmiş.

Bir akşam, iki aşık evlerinde oturuyorlarmış. Sihirbaz, görüntüsü genç kız şekline giren kedinin, huyunu da değiştirip değiştirmediğini öğrenmek istemiş.

Kızın önüne bir fare atıvermiş. Birden özündeki kedilik karakterini ortaya çıkaran kız, fareyle oynamaya ve onu yemeye hazırlanmış.

Karısındaki bu karakteri görünce, kocası ondan tiksinmiş.

Sihirbaz da kızın eski huyundan vazgeçmemesine kızarak onu tekrar kedi yapmış.

- **Can çıkar, huy çıkmaz.**

## ياش قىز بولغان مۆشۈك

بۇرۇنقى زامانلاردا، چىرايلىق بىر مۆشۈك بار ئىكەن. ئۆزى ياشايدىغان ئۆينىڭ چىرايلىق يىگىتىگە ئاشىق بولۇپتۇ.

يىگىت (ئەر ياكى ئەركەك) نىڭ، مۆشۈكنىڭ بۇ سۆيگۈسىگە جاۋاپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەسكەن. مۆشۈك بۇنىڭ ئۈچۈن بىر سېھىرگەرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، ئۆزىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن يالۋۇرۇپتۇ. سېھىرگەرنىڭ قارا سەۋداغا تۇتۇلغان مۆشۈككە ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇنى بىر سېھىر بىلەن، قاراپ قالغۇدەك گۈزەل بىر قىزغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

يىگىت، بۇ گۈزەل قىزنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپتۇ. قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار توي قىلىپتۇ.

بىر ئاخشىمى ئىككى ئاشىق مەشۇق ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان ئىكەن. سېھىرگەر، چىرايى ياش قىز سۈپىتىگە كىرگەن مۆشۈكنىڭ خۇيىنى ئۆزگەرتكەن ياكى ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپتۇ.

قىزنىڭ ئالدىغا بىر چاشقان ئېتىپتۇ. تۇيۇقسىز ئۆزىدىكى مۆشۈكلۈك خاراكتېرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان قىز، چاشقان بىلەن ئويناشقا باشلاپتۇ ۋە ئۇنى يېيىشكە تەييارلىنىپتۇ.

ئايالىدىكى بۇ خاراكتېرنى كۆرۈپ، ئېرى ئۇنىڭدىن سەسكىنىپتۇ.

سېھىرگەرمۇ قىزنىڭ كونا خۇيىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىگە ئاچچىقلىنىپ ئۇنى تەكرار مۆشۈككە ئايلاندۇرىۋېتىپتۇ.

- جان چىقار، خۇي چىقماس.



## HER DOĞRU HER YERDE SÖYLENMEZ

Ormanlar kralı Aslan, bir gün, ormanda yaşayan hayvanların bütününü birden tanımadığını düşünmüş; onları sarayına çağırarak tanışmayı arzu etmiş.

Derhal bir ferman çıkarmış. Tüm orman halkını, sarayına davet etmiş.

Önce ayı gelmiş aslanın ziyaretine. Ama sarayın kokusunu beğenmemiş.

— Öff! ne kadar da pis kokuyor, diye söylenmiş.

Bu sözleri duyan aslan, bunu kendine bir hakaret saymış. Bir pençe darbesiyle ayıyı cansız yere sermiş.

İkinci davetli olarak saraya giren maymun, şahit olduğu bu olay karşısında:

— Bu ne temiz saray, bu ne güzel koku! Tıpkı çiçek bahçesi gibi, demiş. Ama Aslan, bu yağcılığı da beğenmemiş. Bir pençe darbesiyle onun işini de bitirmiş.

## ھەر توغرا سۆز ھەر يەردە سۆزلەنمەس

ئورمانلارنىڭ پادىشاھى شىر، بىر كۈنى، ئورماندا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇمايدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ؛ ئۇلارنى سارىيىغا چاقىرىپ ئۇلار بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىپتۇ.

دەرھال بىر پەرمان چىقىرىپتۇ. پۈتۈن ئورمان خەلقىنى سارىيىغا دەۋەت قىلىپتۇ.

ئاۋۋال ئېيىق كەپتۇ شىرنىڭ زىيارىتىگە. ئەمما سارايىنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇرماپتۇ.

- پۈف! نىمانچە سېسىق پۇرايدۇ، - دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شىر، بۇنى ئۆزىگە بىر ھاقارەت دەپ بىلىپتۇ. بىر پەنجە بىلەن ئېيىقنىڭ جانسىز بەدىنىنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ.

ئىككىنچى بولۇپ كەلگەن مايمۇن، شاھىت بولغان بۇ ئەھۋالغا قاراپ:

- بۇ نىمە دىگەن پاكىز ئوردا، بۇ نىمە دىگەن خۇشپۇراق! خۇددى گۈل باغچىسى، - دەپتۇ. ئەمما شىر بۇ خوشامەتچىلىكنىمۇ ياقتۇرماپتۇ. بىر پەنجە بىلەن ئۇنىڭمۇ ئىشىنى پۈتتۈرۈپتۇ.

Ziyaret sırası kurnaz tilkideymiş. Tilki, sarayla ilgili tek söz etmemiş. Onun sessizliğine kızan aslan sormuş:

— Söyle bakalım tilki efendi! Sarayımın kokusunu nasıl buldun?

Tilki, sesine üzüntülü bir eda vererek:

— Haşmetli kralımız, demiş. Ne yazık ki ben nezleyim. Burnum koku almıyor. Sarayınız hakkında bir fikir beyan edemiyeceğim.

**• Doğruları her yerde, her zaman açıkça söylemek, doğru değildir. Bazan başımıza olmadık işler açabilir. Dalkavukluk ve yağcılık ise, çoğu kere beklenenin aksine kötü sonuçlar doğurabilir.**

زىيارەت نۆۋىتى ھىيلىگەر تۈلكىگە كەپتۇ. تۈلكە ساراي ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. ئۇنىڭ سۈكۈت قىلغانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەن شىر سوراپتۇ:

ـ ئېيتە قېنى تۈلكە ئەپەندى! سارىيىمنىڭ پۇرىقىغا قانداق قارايسەن؟

تۈلكە مەيۈس بىر ئاھاڭدا:

ـ جانابىي شاھىم، ـ دەپتۇ. ئەپسۇسكى مەن زۇكام. بۇرنۇم پۇراق پۇرىمايدۇ. سارىيىڭىز ھەققىدە بىر پىكىر بايان قىلالمايمەن.

**. توغرا سۆزنى ھەر يەردە ئوچۇق ئېيتىش توغرا ئەمەس. بەزىدە بېشىمىزغا كۈتمىگەن بالا ئېلىپ كېلىدۇ. خوشامەتچىلىك بولسا كۆپىنچە ئويلىغانىنىڭ ئەكسىچە، يامان ئاقىۋەتلەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.**



## BACAKLARINDAN UTANAN GEYİK

Geyiğin biri kaynaktan su içerken suda kendi yansımasını görür. Başının üzerinde yükselen güzel boynuzlarına hayran olur. Ama sonra, gözleri suya yansıyan incecik bacaklarına takılır. Bu güzel vücuda bu ipincecik bacakların hiç yakışmadığı duygusuna kapılır. Kendi kendine:

— Bir şu heybetli başa bak, bir de şu incecik bacaklara, der. Alnımda yükselen bu görkemli boynuzlar, bu cılız bacaklarla hiç uyum sağlamıyor.

Bu sırada uzaktan avcının köpekleri görünmüş. Geyik koşarak kendisini ormana dar atmış. Ancak orman girişinde, boynuzları dallara takılıp kalmış.

Artık ilerleyemez olmuş. Oysa boynuzları takılmasaymış, bacaklarıyla hızla kaçıp kurtulacakmış.

O zaman geyiğin kafasına dank etmiş. Yararsız olan bir güzel-

## پاچاقلىرىدىن خىجىل بولغان كىيىك

بىر كىيىك بۇلاقتىن سۇ ئىچىۋېتىپ سۇدا ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپتۇ. بېشىدىكى ھەيۋەتلىك چىرايلىق مۈڭگۈزىگە قاراپ ھەيران قاپتۇ. ئەمما كېيىن كۆزلىرى سۇدا ئەكس ئەتكەن ئىنچىكە پاچاقلىرىغا چۈشۈپتۇ. بۇ گۈزەل بەدىنىگە بۇ ئىنچىكە پاچاقلارنى ھېچ ياراشمىغاندەك ھېس قىپتۇ. ئۆزئۆزىگە:

- بىر شۇ ھەيۋەتلىك باشقا قارا، بىر شۇ ئىنچىكە پاچاقلارغا، - دەپتۇ. پېشانەمدىن چىققان بۇ كۆركەم مۈڭگۈزلەر، بۇ ئىنچىكە پاچاقلار بىلەن ھېچ ماس كەلمەيدۇ.

بۇ ۋاقىتتا يىراقتىن ئوۋچىنىڭ ئىتلىرى كۆرۈنۈپتۇ. كىيىك يۈگۈرگەن پېتى ئۆزىنى ئورمانلىققا تەس ئېتىپتۇ. ئەمما ئورمانلىققا كىرىش ئېغىزىدا مۈڭگۈزلىرى شاخلارغا تاقىشىپ قاپتۇ.

ئەمدى ھېچ ئىلگىرىلىيەلمەپتۇ. ئەسلى مۈڭگۈزلىرى تاقىشىپ قالمىغان بولسا، پاچاقلىرى بىلەن ئىتتىك يۈگرەپ قۇتۇلىدىكەن.

ئۇ زامان كىيىكنىڭ ئەقلى بېشىغا كەپتۇ. كېرەكسىز بىر

likle boşuna övünüp, asil ve yararlı olandan yakındığına pişman olmuş. Acı acı inleyerek:

— Boş yere kötüledim, beni kuş gibi uçuran bacaklarımı... Boş yere övüp durdum, başıma dert açan boynuzlarımı... demiş.

**• Hepimiz zaman zaman çok faydalı özelliklerimizi görmezden gelip hiç yararı olmayan dış güzelliklere hayran kalırız. Oysa bu güzellikler, olmadık yerlerde başımıza iş açar, bizi zorda bırakabilirler.**

گۈزەللىك بىلەن بوش يەرگە ماختىنىپ، ئېسىل ۋە كېرەكلىك بولغانلىرىدىن ئۆكۈنگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ئاچچىق ئاچچىق ئىڭراپ:

- بىكاردىن يامانلاپتىمەن، مېنى قۇشتەك ئۇچۇرغان پاچاقلىرىمنى... بىكاردىن ماختاپتىمەن بېشىمغا دەرت ئاچقان مۈڭگۈزلىرىمنى... دەپتۇ.

**. ھەممىمىز بەزى - بەزىدە ناھايىتى پايدىلىق تەرەپلىرىمىزنى كۆرمەستىن، كېرەكسىز سىرتقى گۈزەللىكلەرگە ھەيران قالىمىز. ئەسلى بۇ گۈزەللىكلەر ئويلىمىغان يەرلەردە بېشىمىزغا بالا بولۇشى مۇمكىن.**



## KURDA YARDIM EDEN PELİKAN KUŞU

Kurt avladığı bir avını afiyetle yerken, boğazına bir kemik saplanmıştı. Ne kadar uğraşmışsa da, kemiği bir türlü çıkartamamıştı. Neredeyse boğulacaktı.

Yollara düşüp bir kurtarıcı aramaya başladı. Giderken yolda bir pelikan kuşuna rastladı. Derdini ona açıp, yardımcı olmasını istedi.

— Bu emeğini boşa çıkarmam, her neyse ücretini veririm, dedi.

Pelikan kuşu, sivri ve uzun gagasını kurdun ağzından içeri soktu. Bir kavrayışta kemiği çekip çıkardı. Kurt, kurtulmuştu.

Pelikan kuşu:

— Hadi bakalım kurt kardeş! Ver ücretimi, dedi.

Kurt, birden hiddetlendi.

## بۆرىگە ياردەم قىلغان ساقا قۇش

بۆرە ئوۋلىغان ئوۋنى مەززە قىلىپ يەۋاتقاندا، گېلىغا بىر سۆڭەك تۇرۇپ قاپتۇ. قانچە ھەپىلەشسىمۇ ئۇنى ھېچ چىقىرالماپتۇ. بوغۇلۇپ قالايلا دەپتۇ.

بىر قۇتقۇزغۇچى ئىزدەپ يولغا چۈشۈپتۇ. كېتىۋېتىپ بىر ساقا قۇشقا ئۇچراپ قاپتۇ. دەردىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ياردەم قىلىشىنى ئىستەپتۇ.

ـ بۇ ئەمگىكىڭنى بوشقا چىقارمايمەن، نىمىلا بولمىسۇن ھەققىنى ئۆتەيمەن، ـ دەپتۇ.

ساقا قۇشى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە تۇمشۇقىنى بۆرىنىڭ ئاغزىغا تىقىپتۇ. بىر قايرىپلا سۆڭەكنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. بۆرە قۇتۇلۇپتۇ.

ساقا قۇشى:

ـ قېنى بۆرە قېرىنداش! ھەققىمنى بەر، ـ دەپتۇ.

بۆرە تۇيۇقسىز ھۆرپىيىپتۇ.

— Vay, vay! Uzun gagalı pelikan kuşu! dedi. Koca kurdun ağzına başını sokup sağ salim kurtardığına şükretmiyorsun da, bir de para mı istiyorsun?

**• Kötü insanlara bir yararınız dokunur da karşılığını göremezseniz sakın üzülmeyiniz.**

**• Bilakis bana bir zararı dokunmadı, diye sevinseniz yeridir.**

- ۋاي ۋاي! ئۇزۇن تۇمشۇق ساقا قۇشى! ـ دەپتۇ. چوپچوڭ بۆرىنىڭ ئاغزىغا بېشىڭنى تىقىپ ساق ـ سالامەت قۇتۇلغىنىڭغا شۈكۈر قىلمايسەن، يەنە پۇل دەمسەن؟

**. ئەسكى ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىپ ھەققىڭىزنى ئالالمىسىڭىز، ھەرگىز مەيۇسلەنمەڭ.**

**. ئەكسىچە ماڭا بىر زىيىنى تەگمىدى، دەپ خۇشال بولسىڭىز بولىدۇ.**



## TUTUNDUĞUNUZ DALI KESMEYİN

Avcılar bir geyiğin peşine düşmüş kovalıyorlarmış.

Geyik bir asmanın dalları ve yaprakları arasına girip saklanmış.

Avcılar her tarafı aradıkları halde, geyiği görememişler. Geri dönmeye başlamışlar.

Geyik, tehlikenin uzaklaştığını görünce, birden acıktığını hissetmiş. Başlamış asmanın dallarını yapraklarını hışır hışır yemeye. Asmanın onun hayatını kurtardığını pek çabuk unutuvermiş.

Avcılar, asmalıktaki hışırtıyı duyunca, hemen geri dönmüşler.

Geyiği vurup avlamışlar. Geyik, asmanın dibinde can çekişirken:

— Hak ettim bu cezayı, demiş. Nankörlere benim bu halim bir ders olsun...

**• Tutunduğunuz dalı sakın kesmeyin.**

## ئېسىلغان شاخنى كەسمەڭ

ئوۋچىلار بىر كىيىكنىڭ پېشىگە چۈشۈپ ئۇنى قوغلاۋاتقانىكەن.

كىيىك بىر تالنىڭ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋاپتۇ.

ئوۋچىلار ھەممە يەرنى ئىزدەپمۇ كىيىكنى تاپالماپتۇ. قايتىشقا باشلاپتۇ.

كىيىك خەتەرنىڭ يىراقلاشقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىردىنلا قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى ھېس قىپتۇ. باشلاپتۇ تالنىڭ شاخلىرىنى، يوپۇرماقلىرىنى شاپۇر شۇپۇر يېيىشكە. تالنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغىنىنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ئوۋچىلار، تاللىقتىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال قايتىپتۇ.

كىيىكنى ئوۋلاپتۇ. كىيىك، تالنىڭ قېشىدا جان تالىشىۋاتقاندا:

بۇ جازا ماڭا ھەق، ـ دەپتۇ. تۇزكورلارغا مېنىڭ بۇ ھالىم دەرس بولسۇن....

**. ئېسىلغان شاخنى ھەرگىز كەسمەڭ.**



## BOYNUZ UZATACAĞINA, AKLINI ÇOĞALTSAYDIN

Keçinin biri bir tilki ile arkadaş olur.

Dağlarda dolaşırken susuz kalırlar. Önlerine bir kuyu çıkar. Kuyuda su vardır, ama biraz derincedir. Susuzluğun etkisiyle, fazla dayanamaz, her ikisi de kuyunun içine inip kana kana su içerler. Bu inişin bir de çıkışı olduğunu, ancak susuzlukları geçince anlarlar.

Tilki bir kurnazlık düşünür. Arkadaşına:

— Keçi kardeş, der. Burdan çıkmanın bir kolayı var. Sen ön ayaklarını kuyunun kenarına dayarsın. Ben de senin üstünden boynuzlarına basarak çıkarım. Sonra sıra sana gelir.

Bu sözlerle keçiyi kandırır. Tilki, keçinin yardımıyla yukarı çıkar. Sonra aşağıya bakıp gülmeye başlar. Keçinin canı sıkılır:

— Ne gülüyorsun? Hadi beni çıkarsana, der.

## مۆڭگۈزۈڭنى ئۇزاتقۇچە، ئەقلىڭنى ئۇزاتساڭ

ئۆچكىنىڭ بىرى بىلەن بىر تۈلكە دوست بولۇپتۇ.

تاغلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ سۇسىز قاپتۇ. ئالدىغا بىر قۇدۇق ئۇچراپتۇ. قۇدۇقتا سۇ باركەن ئەمما بىرئاز چوڭقۇركەن. ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىدە ئارتۇق تاقەت قىلالماپتۇ ۋە ھەر ئىككىسى قۇدۇققا چۈشۈپ قېنىپ-قېنىپ سۇ ئىچىپتۇ. بۇ چۈشۈشنىڭ بىر چىقىشى بارلىقىنى پەقەت ئۇسسۇزلۇقلىرى قانغاندا چۈشىنىپتۇ.

تۈلكە بىر ھىيلە ئويلاپتۇ. دوستىغا:

- ئۆچكە قېرىنداش، - دەپتۇ.

- بۇ يەردىن چىقىشنىڭ بىر قولاي يولى بار. سەن ئالدى پۇتلىرىڭنى قۇدۇقنىڭ تاملىرىغا يۆلەيسەن. مەنمۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدىن مۈڭگۈزۈڭگە دەسسەپ چىقىمەن. كېيىن نۆۋەت ساڭا كېلىدۇ.

بۇ سۆزلەر بىلەن ئۆچكىنى ئالداپتۇ. تۈلكە ئۆچكىنىڭ ياردىمى بىلەن يۇقىرىغا چىقىپتۇ. كېيىن پەسكە قاراپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۆچكىنىڭ جېنى سىقىلىپتۇ:

- نىمە كۈلىسەن؟ مېنى دەرھال چىقارساڭچۇ، - دەپتۇ.

Tilki yine alaylı alaylı gülerek:

— Hey şaşkın, o kadar boynuz uzatacağına, biraz da aklını çoğaltsaydın, der.

**• Düşünmeden iş yapmanın sonu pişmanlık ve maskaralıktır.**

تۈلكە يەنە مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

ـ ھەي ھاڭۋاقتى، ئۇنچىلىك ئۇزۇن مۈڭگۈزۈڭ بولغىچە، ئازراق ئەقلىڭ بولسىچۇ، ـ دەپتۇ.

**. ئويلىماستىن ئىش قىلغاننىڭ ئاخىرى پۇشايمان ۋە كۈلكىلىك بولىدۇ.**

www.Mahinur.Com



## TAVUS OLMAYA ÖZENTİ DUYAN KARGA

Kendini çirkin sayan bir karga, günün birinde tavus kuşlarından dökülen renkli tüyleri buldu. Kendi kara tüyleri arasına o tüyleri sıkıştırdı. Mağrur bir tavırla, arkadaşlarının içinde dolaşmaya başladı.

Kendisini tavus kuşu gibi gösteren bu aptal kargaya, diğer kargalar çok kızdılar. Karga, dostları arasında yüz bulmayınca, tavus kuşlarının yanına gitti. Onlarla dostluk kurmayı denedi.

Aralarına bir yabancının katıldığını anlayan tavus kuşları, kargayı hemen dışladılar. Üzerine saldırarak o güzel tüylerini yolmaya, gagaları ile hırpalamaya başladılar.

Tavus kuşlarından iyi bir dayak yiyen özentili karga, mecburen eski arkadaşlarının arasına döndü.

## توز بولماقچى بولغان قاغا

ئۆزىنى سەت دەپ ئويلايدىغان بىر قاغا بىر كۈنى توزنىڭ تۆكۈلۈپ قالغان رەڭلىك پەيلىرىنى تېپىۋاپتۇ. ئۆزىنىڭ قارا پەيلىرى ئارىسىغا ئۇ پەيلەرنى قىستۇرۇۋاپتۇ. مەغرۇر ھالدا دوستلىرىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.

ئۆزىنى توزغا ئوخشاتقان بۇ قاغىغا باشقا قاغىلارنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ. قاغا دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز تاپالماي توزلارنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇلار بىلەن دوستلۇق قۇرماقچى بوپتۇ.

ئارىلىرىغا بىر ياتنىڭ قېتىلغىنىنى سەزگەن توزلار دەرھال ئۇنى چەتكە قېقىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇ چىرايلىق پەيلىرىنى يۇلۇشقا، تۇمشۇقلىرى بىلەن چوقۇلاشقا باشلاپتۇ.

توزلاردىن ئوبدانلا ئەدىۋىنى يىگەن دورامچۇق قاغا، مەجبۇرى كونا دوستلىرىنىڭ ئارىسىغا قايتىپتۇ.

Ama, onlar da, küstah kargayı içlerine almadılar.

Karga perişan bir durumdaydı. Ne küçümsediği eski arkadaşları onu içlerine alıyorlardı, ne de özenti duyduğu tavus kuşları kendilerinden kabul ediyorlardı.

Karganın eski bir dostu ona acıyarak, şu öğüdü verdi:

— Yaratan seni nasıl yarattı ise, o halden memnun ol. O zaman ne yabancılar tarafından küçümsenirsin, ne de dostların tarafından dışlanırsın...

**• Ödünç alınan süs ile güzel olunmaz.**

**• Başkalarına özenti içinde olanlar, kendilerini ne dostlarına sevdirebilirler, ne de düşmanlarına beğendirebilirler.**

ئەمما ئۇلارمۇ يولسىز قاغىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى.

قاغا پەرىشان هالدا قاپتۇ. يا كەمسىتكەن كونا دوستلىرى ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايۋاتاتتى، يا ئۆزى هەۋەس قىلغان توزلار ئۇنى قوبۇل قىلمايتتى.

قاغىنىڭ كونا بىر دوستى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، شۇ نەسىهەتنى قىپتۇ:

- *ياراتقۇچى سېنى قانداق ياراتقان بولسا، ئۇ هالىڭدىن مەمنۇن بول. ئۇ چاغدا يا باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلمەيسەن. يا دوستلىرىڭ تەرىپىدىن چەتكە قېقىلمايسەن...*

**. ئارىيەتكە ئېلىنغان بېزەك بىلەن گۈزەل بولماس.**

**. باشقىلارنى تەقلىد قىلىدىغانلار، يا ئۆزىنى دوستلىرىغا ياخشى كۆرگۈزەلمەيدۇ يا دۈشمەنلىرىگە ياقمايدۇ.**



## YALANCININ MUMU

Tilki, bir sabah erken saatte kümesin yanından geçiyordu. Horozun yüksekçe bir yerden neşeli neşeli öttüğünü gördü.

Yanına yaklaştı.

— Günaydın horoz kardeş! Sizi öyle özledim ki. Aşağı inseniz de bir kucaklaşsak... dedi.

Horoz akıllıydı.

— Tilki kardeş, sizi kucaklamayı ben de çok isterim. Ama bildiğiniz gibi, beni yemek için can atanlar çoktur aşağıda.

Tilki:

— Horoz kardeş, kasabada olup bitenleri işitmedin mi? Artık bütün hayvanlar barış anlaşması imzaladılar. Birbirlerine saldırmadan kardeşçe yaşamaya andiçtiler, dedi.

Horoz tilki ile konuşurken, başını ileriye çevirmiş, ufka doğru bakıyordu. Bu hal tilkinin dikkatini çekti.

## يالغانچىنىڭ شامى

تۈلكە بىر كۈنى سەھەردە، قۇمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتاتتى. خورازنىڭ ئېگىز بىر يەردە خۇش كەيىپ چىللاۋاتقىنىنى كۆردى.

يېنىغا يېقىنلاشتى.

- خەيرلىك سەھەر خوراز قېرىنداش! سىزنى شۇنداق سېغىندىمكى، پەسكە چۈشسىڭىز بىر قۇچاقلاشساق... دېدى.

خوراز ئەقىللىق ئىدى.

- تۈلكە قېرىنداش، سىزنى قۇچاقلاشنى مەنمۇ بەك خالايتتىم. ئەمما بىلگىنىڭىزدەك مېنى يېيىش ئۈچۈن جان ئاتىدىغانلار جىق پەستە.

تۈلكە:

- خوراز قېرىنداش بازاردا بولۇپ-ئۆتكەننى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئەمدى پۈتۈن هايۋانلار تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشتى. بىر-بىرىگە هۇجۇم قىلماستىن قېرىنداش بولۇپ ياشاشقا قەسەم ئىچىشتى، - دەپتۇ.

خوراز تۈلكە بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ بېشىنى سوزۇپ ئۇپۇققا قاراۋاتاتتى. بۇ هال تۈلكىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— Ne o horoz kardeş, bir şey mi var? diye sordu.

— Hayır tilki kardeş, önemli bir şey yok. Sadece, 3 tane av köpeği hızla bu tarafa doğru geliyorlar.

Tilki, av köpeklerinin geldiği haberini duyunca heyecanlandı. Telaşla:

— Bana müsaade horoz kardeş, evde bir şey unuttum, dedi.

Horoz, alaycı bir ifade ile:

— Tilki kardeş, acelen ne? Seninle daha rahat sohbet edebilmek için, ben de aşağı inmeyi düşünüyordum. Hem madem bütün hayvanlar artık kardeşçe yaşayacaklar, senin köpeklerden korkmana sebep te kalmadı, dedi.

Tilki bir yandan kaçarken, bir yandan da horoza laf yetiştiriyordu:

— Doğru söylersin horoz kardeş, ama ya köpekler bu haberi henüz işitmemişlerse...

**• Yalancının mumu yatsıya kadar yanar.**

ـ نىمە بولدى خوراز قېرىنداش، بىر ئىش بولدىمۇ؟

ـ ياق تۈلكە قېرىنداش، مۇھىم بىر ئىش يوق. پەقەتلا ئۈچ ئوۋ ئىتى ئىتتىك بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

تۈلكە، ئوۋ ئىتلىرىنىڭ كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ جىددىيلەشتى. ئالدىراپ ـ تېنەپ:

ـ ماڭا رۇخسەت خوراز قېرىنداش، ئۆيدە بىر نەرسە ئۇنۇتتۇم، ـ دېدى.

خوراز مەسخىرىلىك بىر ئاھاڭدا:

ـ تۈلكە قېرىنداش، نېمىگە ئالدىرايسەن؟ سەن بىلەن تېخىمۇ راھەت سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن مەنمۇ پەسكە چۈشۈشنى ئويلاۋاتاتتىم. ھەم ئەمدى پۈتۈن ھايۋانلار قېرىنداشچە ياشايدىكەن، سېنىڭمۇ ئىتلاردىن قورقۇشۇڭغا بىر سەۋەپ قالمىدى، ـ دەپتۇ.

تۈلكە، بىر ياندىن قېچىپ بىر ياندىن خورازغا گەپ تېپىپ بېرىۋاتاتتى:

ـ توغرا دەيسەن خوراز قېرىنداش، ئەمما يا ئىتلار تېخى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغان بولسا...

**. يالغانچىنىڭ شامى خۇپتەنگىچە ياندۇ.**



## ASLANI TUZAKTAN KURTARAN FARE

Ormanlar kralı aslan, ininde öğle uykusuna yatmıştı. Küçük bir fare, onun üstünde geziyor, yeleleri içinde dolaşıyordu. Aslan birden öfkeyle uykudan uyandı, kendini rahatsız eden yaramaz fareyi bir pençede yakaladı.

Farecik yalvarmaya başladı:

— Ne olur kral Hz.leri, beni öldürmeyin. Kimbilir, bir gün, benim size bir yardımım olabilir.

Aslan, pençeleri arasında titreyip duran fareye alaylı alaylı baktı. Senin gibi küçücük bir yaratığın bana ne yardımı olabilir ki! diye geçirdi içinden. Fakat yine de fareyi, hayatını bağışlayıp serbest bıraktı.

Aslan bir gün, avcıların kurdukları bir tuzağa düşmüştü. Ağa yakalanmıştı. Kükreyerek hamle yaptıkça, ağın ipleri vücuduna daha sıkı sarılıyordu.

Aslanın acı acı kükremesini ormanda tüm hayvanlar işitmişti.

## شىرنى تۇزاقتىن قۇتقۇزغان چاشقان

ئورمانلار شاھى شىر ئۇۋىسىدا چۈشلۈك ئۇيقۇغا ياتقان ئىدى. كىچىك بىر چاشقان ئۇنىڭ ئۈستىدە، ياللىرى ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. شىر بىردىنلا ئاچچىق بىلەن ئويغاندى ئۆزىنى راھەتسىز قىلغان كەپسىز چاشقاننى بىر پەنجىدە تۇتۇۋالدى.

چاشقانچاق يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

- نىمە بولار، شاھ ھەزرەتلىرى مىنى ئۆلتۈرمەڭ. كىم بىلىدۇ بەلكىم بىر كۈنى مىنىڭ سىزگە بىر ياردىمىم تېگىشى مۇمكىن.

شىر پەنجىلىرى ئارىسىدا تىترەۋاتقان چاشقانغا مەسخىرىلىك قارىدى. ساڭا ئوخشاش كىچىك بىر مەخلۇقنىڭ ماڭا قانداق ياردىمى بولاتتىكى! دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئەمما يەنىلا چاشقاننى ئەپۇ قىلىپ، ئۇنى قويۇپ بەردى.

شىر بىر كۈنى ئوۋچىلار قۇرغان بىر تۇزاققا چۈشۈپ قالدى. تورغا تۇتۇلغان ئىدى. ھۆركىرەپ كۈچىگەنچە، تورنىڭ يىپلىرى تېنىگە تېخىمۇ چىڭ يۆگەشەتتى.

شىرنىڭ ئاچچىق ئاچچىق ھۆركىرىشىنى ئورمانلىقتىكى پۈتۈن ھايۋانلار ئىشىتكەن ئىدى.

Küçük fare, duyduğu seslerden, aslanın başının dertte olduğunu anladı. Beklediği yardım fırsatı nihayet ortaya çıkmıştı. Ağın içinde çaresizce kıvranan aslanı görünce sevindi.

— Kral Hz.leri, bir gün size yardımım dokunabilir dediğimde, bana gülüp geçtiğinizi biliyorum.

Ama işte dediğim o gün şimdi geldi, dedi.

Ve keskin dişleri ile, aslanı saran ipleri kemirmeğe başladı.

Kısa sürede ipleri kopararak ormanlar kralı aslanı tuzaktan kurtardı.

**• İyilik yap denize at. Balık bilmezse, Hâlık (Yaratan Allah) bilir.**

كىچىك چاشقان، بۇ ئاۋازدىن شىرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. كۈتكەن ياردەم پۇرستى ئاخىرى كەلگەن ئىدى. تورنىڭ ئىچىدە چارىسىز تولغىنىۋاتقان شىرنى كۆرۈپ سۆيۈندى.

- شاھ ھەزرەتلىرى، بىر كۈنى سىزگە ياردىمىم تېگىپ قالار دېگىنىمدە كۈلۈپلا قويغىنىڭىزنى بىلىمەن.

ئەمما مەن دېگەن كۈن ئەمدى كەلدى، دىدى.

ۋە كەسكىن چىشلىرى بىلەن شىرنى يۆگىگەن يىپلارنى ئۈزۈشكە باشلىدى.

قىسقا ۋاقىتتا يىپلارنى ئۈزۈپ ئورمانلارنىڭ پادىشاھى شىرنى تۇزاقتىن قۇتقۇزدى.

**. ياخشىلىق قىل دېڭىزغا ئات. بېلىق بىلمىسە خەلىق (ياراتقان ئاللاھ) بىلىدۇ.**



## YANLIŞ BİR DOSTLUK

Bir fare ile bir kurbağa dost olmuşlar. Aralarındaki arkadaşlık gün geçtikçe ilerlemiş. Öylesine birbirlerine bağlanmışlar ki, akşam olup da gün battı mı, biri kayanın kovuğuna, öteki suyun dibine çekiliyormuş, ama sabahı zor ediyorlarmış.

Nihayet fare düşünüp taşınıp bu ayrılığa bir çare bulmuş.

Kurbağaya:

— Sevgili kurbağa kardeş, aziz dostum. Seni görmeden, seninle konuşmadan bir dakika bile yapamıyorum. Gecelerim seni düşünerek uykusuz geçiyor. Herhalde sen de benim gibi düşünüyorsundur. Ben bir çare buldum. Şu sicimi al, bir ucunu ayağına bağla.

Ben de öbür ucunu kuyruğuma bağlıyayım. Geceleyin birbirimizi görmek istersek, ipi çekeriz. Böylece geceleri de buluşup konuşabiliriz. Kurbağa bu teklife karşı önce nazlanmış ise de sonunda kabul etmiş. Bir iple birbirlerine bağlanmışlar.

## خاتا دوستلۇق

بىر چاشقان بىلەن بىر پاقا دوست بولۇپتۇ. ئارىلىرىدىكى ئاغىنىدارچىلىق كۈن ئۆتكەنسىرى كۈچىيىپتۇ. شۇنداق بىر باغلىنىپتۇكى بىربىرىگە، كەچ بولۇپ كۈن پاتتىمۇ، بىرسى قىيانىڭ كاۋىكىغا، يەنە بىرسى سۇنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىدىكەن، ئەمما تەستە تاڭ ئاتقۇزىدىكەن.

ئاخىرى چاشقان ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ بۇ ئايرىلىشقا بىر چارە تېپىپتۇ.

پاقىغا:

ـ سۆيۈملۈك پاقا قېرىنداش، ئەزىز دوستۇم. سېنى كۆرمەستىن، سېنىڭ بىلەن پاراڭلاشماستىن بىر مىنۇتمۇ چىدىيالمايمەن. كېچىلىرىم سېنى ئويلاش بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتىۋاتىدۇ. ھەرھالدا سەنمۇ مەندەك ئويلايدىغانسەن. مەن بىر چارە تاپتىم. ماۋۇ يىپنى ئال بىر ئۇچىنى پۇتۇڭغا باغلا.

مەنمۇ يەنە بىر ئۇچىنى قۇيرۇقۇمغا باغلاي. كېچىسى بىربىرىمىزنى كۆرگىمىز كەلسە يىپنى تارتايلى. مۇشۇنداق بولغاندا كېچىسىمۇ كۆرۈشۈپ پاراڭلىشالايمىز. پاقا ئاۋال بۇ تەكلىپكە نازلانغان بولسىمۇ ئاخىرى قوبۇل قىلىپتۇ. بىر يىپ بىلەن بىربىرىگە باغلىنىپتۇ.

Aradan biraz zaman geçtikten sonra, karganın biri, fareyi görüp pusu kurmuş. Akşam yuvasına döner dönmez fareyi kaptığı gibi havalanmış. Tabii ki kurbağa da beraber havalanmış.

Kurbağa havada farenin kuyruğuna iple ayağından bağlı halde sallanırken, bir taraftan da şöyle söyleniyormuş:

— Eyvahlar olsun, kendi cinsinden birisiyle dost olmayanın akıbeti, elbette böyle kötü olur...

**• İnsan dostunu iyi seçmeli, kiminle dost olduğuna dikkat etmelidir.**

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قاغا، چاشقاننى كۆرۈپ تۇزاق قۇرۇپتۇ. ئاخشىمى ئۇۋىسىغا قايتىشى بىلەنلا چاشقاننى تۇتقىنىچە ئۇچۇپتۇ. ئەلۋەتتە پاقىمۇ بىللە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

پاقا ھاۋادا چاشقاننىڭ قۇيرۇقىغا يىپ بىلەن پۇتىدىن باغلانغان ھالدا پۇلاڭشىپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

- ئۆز جىنسىدىن بىرسى بىلەن دوست بولمىغاننىڭ ئاقىۋىتى ئەلۋەتتە مۇشۇنداق يامان بولىدۇ...

**. ئىنسان دوستىنى ياخشى تاللىشى، كىم بىلەن دوس بولغىنىغا دىققەت قىلىشى كېرەك.**